

» دىكى نەشرىي ئەپكار

» غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

荣获《新疆期刊奖》的刊物

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498

新疆文化

2015 / 6

•XINJIANG CULTURE •СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА •シンキョウ ブンカ •مجلة حضارة شنجيانغ•

ئەتراپىمىزدىكى ئەدىبلەر



ژۇرنالىست ، ئەدىب پولات ھېۋىزۇللا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

تەھرىرات باشلىقى، دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۇسۇپ (ئالىي مۇھەررىر)

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق

# 2015.6

(ئومۇمىي 336 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى ئەمەلىي نەتىجىلىرىمىز بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمىز

# بۇ ساندا

## شىنجاڭنىڭ 60 يىلى ۋە ئۇيغۇر ئارخېئولوگلار


شىنجاڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن ........ غالىپ بارات ئەرك، تۇرسۇن مەخمۇت (3)


## دانا ۋە ئاگاھ بولۇڭ


«بۇخارا ئۇيغۇسى»مۇ ياكى تارىمنىڭ غەپلىتىمۇ ......................
...................... باھارگۈل ئىمىن، ئابلىمىت مۇھەممەد (ماڭلاي) (20)


## تەرجىمە كۆزنىكى


شەرەپسىزلەر... ئۈچ-ئاداۋەتنى مۇزغا ياز... ئەڭ مۇھىمى ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولۇپ قالماسلىق... بۇنداق تەربىيەنى كىم سىڭدۈرۈۋاتىدۇ... بىر ئادەمنىڭ كەچۈرمىشلىرى ......................
... شەمسنۇر تۇرغۇن زىلتار، ئەھەت داۋۇت، ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت قاتارلىقلار (ت) (38)


## سەھرادىكى ھېكايە


«ھەسەن قايغۇ» ئۆلگەندە ....... (پوۋېست) ... ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى (46)


## ئوقۇرمەنلەر سالونى


«ئوت كەتكەن ئۇيۇق»تا ئەخلاق كىرزىسى ...... ئەلجان ئوبۇل خەنجەر (67)
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە گېپىم بار ............... ئەيساجان زۇنۇن (73)
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە تەشەككۈر ........... قاسىم ئىسلام (تەنتەك) (75)


## تەپەككۇر دۇنياسى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ................ شەمسنۇر تۇرغۇن زىلتار (ت) (78)


## مەدەنىيەت-سەنئەت خەۋەرلىرى


7-قېتىملىق «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» لەنجۇدا ئېچىلدى ................ سابىرجان سىيىت، ئادىلجان مەتىمىن (79)


مۇقاۋىدا: ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى

سۈرەتنى غالىپ بارات ئەرك تەمىنلىگەن


شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(64-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئارسلان ئابدۇللا

ئازات سۇلتان

ئادىل تۇران

بەگمەت يۇسۇپ

جاڭ خۇڭچاۋ

دىلشات پەرھات

قۇربان مامۇت

ئىمىن ئەخمەدى



بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى:

ئايگۈل ئەمەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن...

غالىب بارات ئەرك، تۇرسۇن مەخمۇت

بۈگۈنكى ئادەملەر ــــ ئۆتمۈشنىڭ كەلگۈسى، كەلگۈ-
سىنىڭ ئۆتمۈشى. تارىخ بىلەن كېلەچەك ئارىسىدا تۇرغان
دەملىرىمىزدە گاھ ئۆتمۈشكە، گاھ كەلگۈسىگە نەزەر ئاغدۇ-
رۇش بىلەن بۈگۈننىڭ قىممىتى ھەم ئۇلۇغۋارلىقىنى چۈشىنە-
ۋالىمىز .كەلگۈسى بۈگۈننىڭ نۇرلىرى ھەم كۆلەڭگىلىرىدىن
بىزگە تېخىمۇ گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى ھەم ۋەھىملەرنى ئاتا
قىلىدۇ، ئۆتمۈش ئۆزىنىڭ قوپال، ساددا ئەمما جەلپكار ئىز-
لىرى بىلەن بىزگە تىلسىماتلىق ھاياتنىڭ ھېكمىتىنى پىچىر-
لاپ دەپ بېرىدۇ.

ئۇزاق تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق ئەسىرلىرىگە
شاھىت ئاجايىپ يادىكارلىقلارغا يوشۇرۇنغان سىرلارنىڭ يې-
شىمىدىن ئەجدادلارنىڭ ئەقىل - پاراستى، ھاياتلىق پەلسەپە-
سى، ئىجادچانلىقى، ياشاش ئۇسۇلى، تەبىئەت ھەم جەمئىيەت-
نى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى، ئۇلارنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى،
باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرى، بىزگە كۈچ ھەم غۇرۇر بې-
رىدىغان شان - شەۋكىتى ھەققىدە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولى-
مىز، ئۇلار قەدىمكى ئەجدادلار بىلەن بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز-
نى، تۇيغۇلىرىمىزنى بىر - بىرىگە باغلاپ ئەجدادلىرىمىزغا،
ئانا زېمىنغا بولغان مۇھەببەتنى، پەخىر - غۇرۇرنى كۆكلىتى-
دىغان، ياشىتىدىغان خاسىيىتى بىلەنمۇ قىممەتلىكتۇر.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئانا ماكانى تارىم ۋە تەكلىماكان
ئۆز باغرىغا سىرلىق، قەدىمىي مەدەنىيەتنى يوشۇرۇپ ياتقان
ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي» بولۇش
سۈپىتى بىلەن، يېشىلگەن سىرلىرى بىزگە ئىپتىخار ھەم سۆ-
يۈنۈش بەرسە، تېخى يېشىلمىگەن سىرلىرى بىزنى ھەم دۇن-
يانى ھەيرەتتە قالدۇرماقتا ھەم جەلپ قىلىپ كەلمەكتە، تارىم-
نىڭ سىرى بىر بۈيۈك مەدەنىيەتنىڭ جۇلاسى بولۇپ، ئىلىم
ساھەسىنىڭ مۇشەققەتلىك، ئەمما ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان
نىشانى بولۇپ تۇرۇپتۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي قىس-
مىغا جايلاشقان 337 مىڭ كۋادرات كىلومېتر كۆلەمدىكى
دۇنياۋى 2 - چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان توغرۇلۇق تالاي رى-
ۋايەت خەلقىمىز ئىچىدە تا ھازىرغىچە ناھايىتى كەڭ تارال-
غان. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەپسۇس ۋە نادامەتكە
كۆمۈلگەن، نۇرغۇنلىرىغا ئۈمىد - ئارزۇ يوشۇرۇنغان، بۇلار
تەكلىماكان بولۇشتىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن قالغان رىۋا-

**شىنجاڭنىڭ 60 يىلى ۋە ئۇيغۇر ئارخېئولوگلار**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەتلەر بولۇشىمۇ، كېيىنكىلەرنىڭ تەكلىماكاننىڭ سىرلىق ھالغا قاراپ تاپقان، ئەسلىدىكى رىۋايەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى قوشۇپ ئىجاد قىلغان رىۋايەت. ئېھتىماللىقى بولۇشىمۇ مۇمكىن، نېمىلا دېمەيلى، تەكلىمكان ھەققىدە خۇددى تەكلىماكانغا ئوخشاشلا سىرلىق رىۋايەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن. تەكلىمكان ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق باشلىنىدۇ: «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئورنىدا ناھايىتى كۆپ شەھەرلەر بولغانىكەن...» شۇنداق، رىۋايەتلەر شۇنداق باشلىنىدۇ. تەكلىماكاندا ئاجايىپ شەھەرلەرنىڭ بولغانلىقى، بۇ شەھەرلەرنىڭ شۇ قەدەر ئاۋات ئىكەنلىكى، گۈزەللىكى، مەئىشەتنىڭ موللۇقى... ھەققىدە گۈزەل ھەم جەزىبىلىك ھېكايىلەرنى بايان قىلىدۇ. شۇنداق، رىۋايەتلەر كۆپ، بىز شۇ كۆپ رىۋايەتلەر ئارىسىدىن شەھىرى كىتەك ھەققىدىكى رىۋايەت تەكلىمكان ھەققىدىكى، تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈلۈپ ۋەيران بولغان شەھەرلەر ھەققىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن رىۋايەتلەرنىڭ پەقەت بىرى، ئازغىنا بىر قىسمى. بۇ رىۋايەتلەر تەكلىماكانغا كۆمۈلگەن سىر، تىلسىملارنىڭ بەك كۆپلۈكىدىن، سىرلىقلىقىدىن، تىلسىمغا تولغانلىقىدىن بېشارەت.

سىرلىق تەكلىماكاننىڭ نامىمۇ يەنە بىر سىر، «تەكلىماكان»، دەپ ئىزاھلىغۇچىلار: «تەككىلىك ماكان» دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەر: «تەركلى ماكان»، دەپ يەشكۈچىلەر بار، تەكلىماكان توغرۇلۇق خەلق ئارىسىدىلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن يازما مەنبەلەردىمۇ رىۋايەت خاراكتېرىدىكى ئۇچۇرلار خاتىرىلىنىپ قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان 1545 - يىللىرى يازغان، «تارىخى رەشىدى»دە: «قاراقۇرۇم خاراب بولغاندا، مەۋلانە شۇجائىددىننىڭ ئوغلى (جەلالىددىن كىتىكنىڭ ئەجدادىنى دېمەكچى) خوتەن بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى بىر شەھەر — كىتەك شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپتۇ... ئۇ زان ئۇ شەھەردە ناھايىتى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن تۇرۇپتۇ. ئەۋلادلىرىنىڭ ئاخىرقىسىنىڭ ئىسمى شەيخ جامالىددىن بولۇپ، ئۇ زان جۈمەدىن يېنىپ ۋەز ئېيتىپتۇ. خالايىققا خىتاب قىلىپ: ‹ئەي خۇدانىڭ بەندىلىرى، ئىلگىرى سىلەرگە نەچچە نۆۋەت ۋەز - نەسىھەت قىلغانىدىم، ھېچبىرىڭلار نەسىھىتىمگە ئۇنىمىدىڭلار! مانا ئەمدى ماڭا شۇنداق مەلۇم بولدىكى، خۇداۋەندە ئالەم بۇ شەھەرگە چوڭ بالا - قازا ئەۋەتىدۇ. ماڭا بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش ھەققىدە پەرمان ۋە ئىزنى بولدى. تەڭرىتائالانىڭ رەھمىتى بىلەن بۇ بالادىن قېچىپ خالاس بولۇرمەن. ئاگاھ بولغايسىزلەركى، بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋەز ئېيتىشىمدۇر، ئەمدى سىلەردىن رۇخسەت تىلەيمەن ۋە سىلەر بىلەن خوشلىشىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن دىدارلىشىش قىيامەتكە باقىي قالغۇسىدۇر› دېدى. شەيخ شۇنىڭدىن كېيىن مۇنبەردىن چۈشتى، مەسچىتنىڭ مەزىنىمۇ ھەزرىتى شەيخ بىلەن ھەمراھ بولۇپ قېچىش نىيىتىدە مەسچىتتىن بىللە چىقتى، چۈنكى، مەزىن شەيخنىڭ سۆزلىرىگە تولۇق ئىشىنەتتى. شۇڭا ئىلتىماس قىلىپ: ‹پېقىر خىزمەتلىرىدە بولسام› دېدى، شەيخمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇلار شەھەردىن بىللە چىقىپ ئۈچ پەرسەڭ يىراقتىكى بىر يەرگە بېرىپ چۈشتى، يىراق مەزىنىنىڭ شەھەردە ئازراق زۆرۈر ئىشى بار ئىدى. ئۇ زۆرۈرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت تىلىدى، شەيخمۇ ئىزنى بەردى. مەزىن شەھەرگە كىردى. ئۇ ئىشنى ئورۇنداپ يېنىپ چىقىۋېتىپ يولدا ھېلىقى مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. مەزىن كۆڭلىدە: ‹خوشلىشىش سۈپىتىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خۇپتەنگە بىر ئەزان ئوقۇۋېتەي› دەپ ئويلاپ مەسچىتنىڭ مۇنارىغا چىقتى. ناماز خۇپتەنگە ئەزان ئوقۇۋېتىپ كۆردىكى، ئاسماندىن قارغا ئوخشاش بىر نەرسە ياغماقتا، ئەمما ئۇنىڭدا نەم يوق. ئەزاننى تامام قىلىپ ۋە بىر ئاز تۇرۇپ: ‹ئەسسالات! ئەسسالات!› دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشۈپ قارىسا، مۇنارنىڭ ئىشىكى ئېتىلىپ قاپتۇ. چىقىشقا يول تاپالماي يەنە مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ ئويلاپ يەتتىكى، قۇم يېغىۋېتىپتۇ، شۇ تەرىقىدە شەھەرنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ. بىر سائەت ئۆتكەندى، يەر كۆزىگە يېقىن كۆرۈندى. ئۇ جەزملەشتۈردىكى، مۇنار تۆپىسىدىن يەر يۈزىنىڭ ئارىلىقى بىر ئادەم بويى قاپتۇ، مەزىن مۇناردىن ئۆزىنى تاشلىدى. قورققان ۋە تىترىگەن ھالدا يۈگۈرۈپ تۈن يېرىملاشقان ۋاقىتتا شەيخنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى ۋە يۈز بەرگەن ۋەقەنى شەيخقە سۆزلەپ بەردى... ھازىرمۇ ئۇ شەھەر قۇمنىڭ ئاستىدا بار. بەزى ۋاقىتلاردا شامال قۇمنى ئۇچۇرۇپ كەتسە، مۇنارنىڭ ياكى گۈمبەزلەرنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. كۆپلىگەن ئۆي ۋە ھويلىلارمۇ ئېچىلىپ قالىدۇ. كۆپىنچە ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە كىرسە، ھەممە ئۆي ئەسۋابلىرى ۋە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇستىخانلىرى قۇرۇپ - چۈرۈپ ياتقانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇ يەردىكى كۆپلىگەن جانسىز نەرسىلەر ھېلىمۇ نۇقسانسىز تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك، شۇنچە چوڭ كىتەك شەھىرى قۇمنىڭ تېگىدە قاپتۇ. شەيخ مەزىن بىلەن نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئاقسۇ چېگراسىدىكى ئايكۆل دېگەن جايغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنلەردە

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇدا ئىكەن. تاشتۆمۈر ئېلىپ قاچقان ۋاقتىدا 16 ياشتا ئىكەنتۇق. شەيخ بىلەن كۆرۈشكەن كۈنلەردە بولسا 18 ياشقا كىرگەنىكەن...» [1].

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان كۈچلۈك تارىخىي ئاساسقا ئىگە رىۋايەتلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىغا دېگۈدەك تارقالغان. رىۋايەتلەرگە قويۇق دىنىي ئامىل يوشۇرۇنغان، قىياس قىلىمىزكى، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى قەدىمدىن داۋام قىلىپ كەلگەن تارىخىي ھېكايىلەر بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەۋر تامغىسى ۋە دىنىي تۈس قوشۇلۇپ رىۋايەت ھەتتا ئەپسانىگە ئايلىنىپ كەتكەن. بولۇپمۇ، قايسى دىن ھۆكۈمران بولسا شۇ دىننىڭ تونى كىيگۈزۈلگەنلىكىنى، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ شۇ رىۋايەتلەرگە سىڭدۈرۈلگەن دىن ئۇقۇمى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىكى زامانلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز. تەكلىماكان قۇملۇقىغا نۇرغۇن سىر، تىلسىملار يوشۇرۇنغان، شۇڭا ئەنگلىيەلىك تارىخشۇناس تويىنبى (1889 - 1975) نىڭ ياپونىيەلىك يازغۇچى ئىكېدا دايساكۇ (1928 - يىلى تۇغۇلغان) بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئېيتقانلىرى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ياپونىيەلىك يازغۇچى ئىكېدا دايساكۇنىڭ «ئەگەر ئۆزىڭىز خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان جايدا تۇغۇلۇش ئىمكانىيىتىڭىز بولغان بولسا، نەدە تۇغۇلغان بولاتتىڭىز؟» دېگەن سوئالىغا، «مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىكى قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى، قەدىمكى ئىران مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى تىنىغان (چۆككەن) جايدا تۇغۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم»، دېگەنىكەن. ئاتاقلىق ئالىم جى شيەنلىن (1911 — 2009) نىڭ بايانىدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى بىر قانچە چوڭ مەدەنىيەت ۋە چوڭ دىن ئۇچراشقان جاي دۇنيادا پەقەت بىرلا يەنى تارىم ۋادىسى ئىكەن. تارىم ۋادىسى بىلەن تەكلىماكان كۆپ جەھەتتە قوشكېزەك ئۇقۇم سۈپىتىدە بىللە تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە تۇتاشلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ساناپ كەلسەك، تەكلىماكان ھەم تارىم ۋادىسىغا ئالاقىدار رىۋايەتلەر، ئەپسانىلەر ناھايىتى نۇرغۇن، بۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەر جاھاننىڭ ھەممە يېرىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى، ھاياتنىڭ سىرلىرىغا، دۇنيانىڭ تىلسىملىرىغا قىزىققۇچى ئەقىلدارلارنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ كەلمەكتە. مەيلى قايسى نۇقتىدىن، قايسى جاي ھەققىدە بولسۇن تەكلىماكان ھەم ئۇنىڭ بويلىرىدىكى، ئۇنىڭ باغرىدىكى، ئۇنىڭ تېگىدە قالغان ئاجايىپ شەھەرلەر ھەققىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەر ناھايىتى تولا، تەكلىماكانغا غەرق بولغان ياكى ئۇنىڭ بويىدا ھازىرغىچە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىغان ھەر بىر شەھەرنىڭ ئۆزى بىر سىر، بىر ھېكمەت، بىر تىلسىمات.

ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن تەرەپلەر ئىچىدە ئۇنىڭ سىرلارنى يېشەلەيدىغانلىقى ۋە دۇنيا ھەم ھاياتىي سىرلارنى ئاچماققا مايىللىقى، ئاچالايدىغانلىقىدا، دېيىشىمىز مۇمكىن. مۇشۇ نۇقتىدىن بىز ناھايىتى نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىشلىق ئالىملار قاتارىدا ئارخېئولوگلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىمىز مۇمكىن.

شۇنداق، قەدىمىيەتلىرىمىز ھەققىدىكى تىلسىملار ئارخېئولوگلىرىمىز تەرىپىدىن يېشىلدى، ئېچىلدى، جاھانغا يېيىلدى، سىرلىق چۈمپەردىسى يىرتىلىپ جاھان ئەھلىگە ئۇنىڭ ئەسلى - ۋەسلى نامايان بولدى. بىزنى پەخىر - غۇرۇرغا چۆمدۈردى. تەكلىماكان، شەھەرى كىتىك، كروران، چالمادان ... كەبى قەدىمىي زېمىنلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزى بار، بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىقادى، ئەقلى، ياشاش ئۇسۇلى، مەدەنىيىتىنىڭ ئاخىرقى جۇلاسى ساقلىنىپ قالغان ئاخىرقى تەۋەررۇكلەر. ئامېرىكىلىق ئالىم لېۋىس ھېنرى مورگان (1818 — 1881) «تارىم دەريا ۋادىسى دۇنيا كۈلتۈرىنىڭ بۆشۈكى، دۇنيا كۈلتۈرىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكانغا كۆمۈلكۈتۈر، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن دۇنيا كۈلتۈرىنىڭ قاپچۇقى ئېچىلغۇسى»، دەپ يازغان دېگەن قاراش رايونىمىزدا رىۋايەتتەك كەڭ تارقالغان. مورگان يۇقىرىقىدەك يازغان ياكى يازمىغان بولسۇن، كىمنىڭ دېگىنىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىقى بايان دۇنيا كۈلتۈر تارىخىدا تارىم ۋادىسىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خەلقىمىزدە «تەكلىماكان» نامىغا تەبىر بېرىپ ئېيتقان «تەرك ماكان» ۋە «تەكتى ماكان» چۈشەندۈرمىلىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ قەدىمكى يۇرت - ماكانلىرىمىزنى يۇتۇپ كەتكەنلىكىدەك ھەقىقەتكە ياندىشىدۇ. مەيلى «تەرك ماكان» ياكى «تەكتى ماكان» دېيىلسۇن، ئوخشاشلا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتلىرىمىز ئىكەنلىكى، كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن يۇرتلارنىڭ خاراب بولۇپ، تەدرىجىي قۇم تەكتىدە قالغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا تەكلىماكانغا يوشۇرۇنغان سىر، مۇئەممالار قانداق ئېچىلدۇ؟

رىۋايەتلەردە نېمىلەر سۆزلەنمىسۇن، تارىخچىلار كىملەردىن ئاڭلاپ، كىتابلىرىغا نېمىلەرنى خاتىرىلىمىسۇن، تەكلىماكان ھەم تەكلىماكان بىلەن شەھرى كىتىك ھەم شەھىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىتىككە ئوخشاش تەكلىماكانغا كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەرنىڭ بولغانلىقى ئەينەن پاكىت. مۇشۇ خىل مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر قىلىپ نەزەرىمىزنى رايونىمىزدىن، تەكلىماكاندىن ھالقىتىپ تېخىمۇ يىراق كەڭلىكلەرگە، دۇنياغا ئاغدۇرساق، قەدىمكى ھايات، قەدىمكى مەدەنىيەت ھەققىدىكى سىر - مۇئەممالارنىڭ جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە يۇلتۇزلاردەك تارالغانلىقىنى بىلىمىز. تەكلىماكانغا، دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىگە، تەكلىماكان كەبى سىرلىق جايلارغا ۋە قەدىمكى شەھەرلەرگە يوشۇرۇنغان سىرلارنى ئاچىدىغان بىر ياش ئىلىم ئارخېئولوگىيەدۇر. ئارخېئولوگىيە ئىلمى 15 - ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كېلىپ 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋايىغا يەتكەن ئىلىمدۇر. ئارخېئولوگىيە قەدىمكى زامان يادىكارلىقلىرىنى ۋە خارابىلەرنى تەكشۈرۈش، قېزىش، تۈرگە ئايرىش، باھالاش، يىل دەۋرىنى بېكىتىش ئارقىلىق قەدىمكىلەردىن قالغان ئىز خارابىلەر ۋە بۇيۇملارنى ئىلمىي ئانالىز قىلىپ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى، تارىخنى شەرھلەپ بېرىدۇ. ئارخېئولوگىيە يېزىق خاتىرىسى بولۇشتىن بۇرۇنقى يەنى تارىختىن بۇرۇنقى دەۋر ئارخېئولوگىيەسى، يېزىق خاتىرىسى دەۋرىدىن باشلانغان تارىخ ئارخېئولوگىيەسى، دالا ئارخېئولوگىيەسى، پەۋقۇلئاددە ئارخېئولوگىيە (سەنئەت، دىن، پۇلشۇناسلىق، ئابىدەشۇناسلىق، سۇ ئاستى ئارخېئولوگىيەسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دېگەندەك نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تارىختىن بۇرۇنقى دەۋر ئارخېئولوگىيەسى گېئولوگىيە، پالېئونتولوگىيە (قەدىمكى ھاياتلىقنى تەتقىق قىلىدىغان پەن)، پالېئانتروپولوگىيە (قەدىمكى ئىنسانلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن)، مىللەتشۇناسلىق، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق پەن تۈرلىرى بىلەن چېتىلىدۇ. ئارخېئولوگىيە دېگەن نام گرېك تىلىدىن كەلگەن بولۇپ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە ياشىغان ئەپلاتون تەرىپىدىن قوللىنىپ، قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى كۆرسەتكەن. 17 - ئەسىردىن كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن قايتا قوللىنىلغان بۇ نامغا يېڭىدىن ئۇقۇم يۈكلىنىپ، قەدىمكى يادىكارلىق (ئاسار ئەتىقە)لار تەتقىق قىلىشنى كۆرسەتكەن، ئەمما سەنئەت قىممىتى بار يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىشنى كۆرسەتكەن، 19 - ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن سەنئەتلىك قىممىتى بولۇش چەكلىمىسىدىن ھالقىپ چىققان. ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيىتى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ماددىي بۇيۇملىرى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئارخېئولوگىيە يېزىق ئىشلىتىلىشتىن بۇرۇنقى تارىخنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ھېسابلىنىدۇ، لېكىن، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بۇ توغرىدىكى قاراشلىرى ھەر خىل، قارىشىمىزچە بولغاندا، يىل دەۋرىنى تاكى 20 - ئەسىرگە قەدەر كېڭەيتىش مۇمكىن ھەم زۆرۈر.

ئارخېئولوگىيە دۇنيا ئىلىم ساھەسىگە نىسبەتەن ياش ئىلىم بولۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياش، سىرلىق ھەم دېگەندەك ئومۇملاشمىغان ئىلىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ مال - دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە قەدىمكى شەھەر، خارابىلەرنى قېزىش ئىشلىرىنى 1400 - يىللارنىڭ ئاخىرى، 1514 - يىلىدىن بۇرۇنقى دەۋردىن باشلاشقا بولىدۇ، شۇ دەۋردە تارىم ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دوغلات ئەمىرى مىرزا ئابابەكرى ئاھالىلەرنى ھاشارغا تۇتۇپ كونا شەھەرلەرنى قازدۇرغان، ئۇنىڭ قېزىشى ئىلىم نۇقتىسىدىن، قەدىمكى تارىخ ۋە مەدەنىيەتنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بولماستىن، ماددىي بايلىق — ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاھىرات ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ توپلىغان جاۋاھىراتلاردىن خېلى بىر قىسمى كېيىنكى كۈنلەردە تەقدىر - قىسمەت بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ قولىغا چۈشكەن بولسا، يەنە بىر قىسمى مىرزا ئابابەكرى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ شەرمەندە مەغلۇبىيەتچىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن دەرياغا تۆكۈۋېتىلدى. قەدىمىي ئەنئەنە ۋە ئەل ئارىسىدىكى ئەقىدىگە كۆرە ئۇيغۇرلاردا كونا شەھەر، مازارلارنى بايلىققا ئېرىشىش مۇددىئاسى بىلەن قازىدىغان ئىش يوق ئىدى، كونا شەھەرلەر تىلسىم ھېسابلىنىپ قەدەم بېسىلمايتتى، قېزىش - كولاش چەكلىنەتتى، بۇنىڭدا مازار - ماشايىخلارغا چېقىلىش گۇناھ بولىدۇ، دېگەن قاراشتىن باشقا يەنە ئەجدادلارنىڭ قەبرە - تۇپراقلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلسا يامان بولىدۇ، دېگەن ئەقىدىنىڭ بارلىقىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. مازاردىن ھېيىقىش، كونا شەھەرلەردىن ئەيمىنىش ئىنساندىكى تەبىئىي تۇيغۇ بولۇپ، بۇ خىل تۇيغۇ ئىسلام مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلاردا تېخىمۇ كۈچلۈك دېيىش مۇمكىن. تەكلىماكاننىڭ ئىچىگە جايلاشقان قەدىمكى شەھەرلەر ھەققىدە تارقالغان ئەل ئارىسىدىكى تۈرلۈك ھېكايەتلەرمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەل ئارىسىدا تارقالغان سۆزلەرگە كۆرە، قۇملۇق ئىچىدىكى بۇ شەھەرلەر تىلسىم بولۇپ كىرسە چىققىلى بولمايتتى، بۇ يول بارسا كەلمەس يول ئىدى، كونا شەھەر خارابىلىرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق بايلىقلارنى ئالسا پالاكەتكە يولۇ-

قاتتى ياكى ئۇ نەرسىلەر ئۆزلۈكىدىن غايىب بولۇپ ئەسلىي ئورنىغا قايتىپ كېتىدۇ، دەپ رىۋايەت قىلىناتتى. بۇ خىل قاراشلار 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بۇزۇپ تاشلاندى، چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى 1860 - يىللىرىدىن 1940 - يىللىرىغىچە تارىم ۋادىسىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ كۆپ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە قىلىشتى، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە بولدى. بۇلارغا رۇسىيەلىكلەردىن چوقان ۋەلىخانوف، كوروپاتكىن، پوتانىن، رېگېل، پېتروف، گېرومېسكى، گرۇم گرژمايلو، كاتانوف، روبرووۋېسكى، پىرېژۋالسكى، كوزلوف، كېلمىنىز، سىمنوف، بېفزوف، ئولدېنبېرگلارنى؛ ئەنگلىيەلىكلەردىن ئاۋرېل ستەيىن، روبېرت شاۋ، جونسون، فوروست، ئېلىئاس، كارېي، دېگلېس، يۇڭخۇسبەند، بېللارنى؛ گېرمانىيەلىكلەردىن گورۇنۋېدىل، لېكوك، شلاگىنۋېردلارنى؛ ياپونىيەلىك ئوتانى، تاچىبانا زۇيچۇلارنى؛ فرانسىيەلىك گرانت، بونىن، گابرېل بونۋالوت، پېللىئوتلارنى؛ ئامېرىكىلىق خۇنتىڭتۇننى كۆرسىتىش مۇمكىن. مۇشۇلارنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلارنى يىغىۋېلىشى، ئېكسپېدىتسىيە قىلىشى، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلىرىگە نۇرغۇن ئۇيغۇر قاتناشقان، ئۇلار ئاساسەن قارا ئىشچى بولۇپ ياللىنىپ، يول باشلىغۇچى، قازغۇچى، هامال، تۆگە يېتىلىگۈچى... دېگەندەك خىزمەتلەردە بولغان. شۇلاردىن بىر قانچەيلەننى مىسالغا ئالساق، ئىلى رايونىدىن پىرېژۋالسكىغا ۋە گابرېل بونۋالوتقا تەرجىمان بولغان ئابدۇللا يۇسۇپ؛ سۋېن هېدىنغا يول باشلىغۇچى بولغان، قاراقوشۇن كۆلى بويىدىكى كونا ئابدال مەهەللىسىدە تۇغۇلغان ئۆردەك، ستەيىنگە يول باشلىغۇچى بولغان كۇنچىققانبەگنىڭ ئوغلى توختاخۇن؛ ستەيىنگە ساختا قول يازمىلارنى سېتىپ بېرىپ ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ نەچچە يىل هەرەج تارتىشىغا سەۋەب بولغان ئىسلام ئاخۇنلارنى كۆرسىتىدىغان بولساق، ئىلىلىق ئابدۇللا يۇسۇپ بەزى يۈزە چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىنكى، قالغان كىشىلەر بۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلىرىنىڭ ئەهمىيىتىنى مۇتلەق چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا پەقەت پۇل ئۈچۈن ياللانغان قارا ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. بۇ يەردىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىشنىڭ بىرى شۇكى، ئەينى يىللاردىكى يەرلىك خەلق بولسۇن ياكى شۇ زامانىدىكى هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بولسۇن ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ، ئۆز ماكانىنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى كۆز ئالدىدا قېزىپ، كولاپ ئەكەتسە كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشقان، هەتتا قەدىمي شەهەرنىڭ توپىلىرىدا كۆزگىلىرىنى ئوغۇتلىغاندا چىققان يادىكارلىقلارنى كۇپپارلارنىڭ نەرسىلىرى ئىكەن، دەپ دەريالارغا تۆكۈپ ئېقىتىۋەتكەن... ئۇيغۇرلار ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مەدەنىيەت هەقدارلىرىنىڭ ئاجايىپ «سېخىي ئۆلگە»سىنى ياراتقان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىلمى بىلەن تونۇشۇشى هەمدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە قاتنىشىشى 1950 - يىلىدىن كېيىنكى ئىش. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بارلىققا كېلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەمدىلا ماڭغان بالىدەك تەمتىلەپ مېڭىپ، تەدرىجي كۆچەيدى هەم تەرەققىي قىلىپ كىشىنى هاياجانغا سالىدىغان ئىشلار، ئادەملەر ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مۇزېينى قۇرۇش تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇلغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كېيىنكى يىلى رەسمي قۇرۇلغان. 1962 - يىلى هازىرقى ئورنىغا يۆتكەلگەن هەمدە 1963 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ رەسمي ئېچىۋېتىلگەن. مۇزېي قۇرۇلۇشى تەركىبىدە خادىملارنى تەربىيەلەش، ئەل ئارىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىش، قەدىمكى خارابىلەرنى قېزىش ئىشلىرى باشلانغان. 1956 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىملىق «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە كۇرسى» ئېچىلىپ، بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملىرى تەربىيەلەنگەن، شۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇكېرىم سابىت، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئەخمەت رېشىت، ئىسمائىل جېلىل، تۇرسۇن ئەيسا، ئوبۇلقاسىم هاجى، مۇهەممەد هاجى، ئابدۇرېهىم هوشۇر، مىجىت قاسىم، سابىت ئەهمەد... كەبىي هەرقايسى ئوبلاست، ۋىلايەتلەردىن كەلگەن ياشلاردىن تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئارخېئولوگلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار «كۇرس»تا ئىككى يېرىم يىل ئوقۇغان، ئاتاقلىق ئارخېئولوگ شىيا نەي قاتارلىقلار دەرس ئۆتكەن، ئۇلار ئوقۇش بىلەن قېزىشنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشقا باب كېلىدىغان پەسىللەردە قېزىش، تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىدە بولسا، قېزىشقا ماس كەلمەيدىغان ۋاقىتتا ئوقۇش ۋە تېپىلمىلارنى رەتلەش، قېزىش دوكلاتلىرىنى تەييارلاش بىلەن بولغان. كۇرس ئەزالىرى 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1960 - يىللاردا ش ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باشلىقى لى يۈچۈننىڭ يېتەكچىلىكىدە تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ مارالبې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شى، ئاتۇش، قەشقەر، قاغىلىق، تاشقورغان، يېڭىسار، يەكەن، قاراقاش، گۇما، خوتەن، لوپ، نىيە قاتارلىق جايلاردا ئىلمىي تەكشۈرۈش، قەدىمكى شەھەرلەرنى قېزىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1960 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا رەتلەش، خەرىتە - سۈرەتلەرنى ئارخىپلاشتۇرۇش، جەدۋەل - تىزىملىكلەرنى تۇرغۇزۇش خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، قېزىش دوكلاتلىرى تەييارلىنىشى ئۈچۈن مۇزېي رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇلغان، بۇ يازما ماتېرىياللار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا يوقىلىپ كەتكەن. تۇنجى ئەۋلاد ئارخېئولوگلار تاكى 1985 - يىلدىكى چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىنى قېزىشقا قەدەر ئاكتىپ خىزمەتلەرنى ئىشلەپ 2 - سەپكە چېكىنگەن ياكى ئارامغا چىققان. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش، قېزىش، قوغداش ئىشلىرىنى ئىشلەپ كەلمەكتە، بۇ ئورۇن ئەسلىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە 1978 - يىلى قۇرۇلغان ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئاساسىدا، 1986 - يىلى مەدەنىيەت نازارىتىگە قاراشلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان.

ئۇيغۇرلاردا ئارخېئولوگىيە كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىلىم، شۇنداقلا تەرەققىيات مۇساپىسى شەرەپ ھەم مۇشەققەتلەرگە تولغان ئىلىم. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىدىكى ئۇتۇقلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى بىر تۈركۈم كەسىپ سۆيەر، قابىل، مەسئۇلىيەتچان ئۇيغۇر ئارخېئولوگلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. كەسپىي ئارخېئولوگىيە قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە زورىيىشى ماھىيەتتە شۇ كەسىپنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالىدىن ھەم تېخىمۇ زور نەتىجە يارىتىدىغانلىقىنىڭ روشەن ئىسپاتى ھەم زۆرۈر شەرتى.

يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملاشقان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ۋە رەتلەش خىزمىتىدە ئاجايىپ مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ، بارلىقىنى ئانا ۋەتەننىڭ تارىخى ھەم ئۆتمۈشىنىڭ سىرلىرىنى يورۇتۇشقا بېغىشلىغان ئەزىمەتلەر ئارىسىدا 40 نەچچە يىلدىن بېرى رايونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ، يىراق - يېقىنغا نامى تارالغان بىر پېشقەدەم مۇتەخەسسىس بار، ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق باشلىقى، تەتقىقاتچى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىدۇر. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئىشلىرى ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ھەق ھەم ئىلمىيلىكنى پرىنسىپ قىلغان تۆھپىكار ئارخېئولوگلىرىمىز قاتارىدا ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئىلىمگە ئائىت ھەر بىر سۆزىدىن، پەنگە تالىق قاراشلىرىدىن پىشقان ئىلمىي خادىملارغا خاس تەمكىنلىك، جاسارەت، غەيۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى 1951 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، 1970 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىگە خىزمەتكە چۈشكەن. ئۇ خىزمەتكە قاتنىشىپ ئەمدىلا ئارخېئولوگىيە ئىلمى بىلەن ئۇچرىشىۋاتقان ۋاقىتتا يەنى 1973 - ، 1974 - يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان تۇرپان شەھىرىدىكى ئاستانا قەبرىستانلىقىنى قېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ياش ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل مۇشۇ قېتىمقى قېزىش داۋامىدا چوڭقۇرلاپ ئىلىم ئىگىلەش زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يەتكەن، 1974 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتى ئارخېئولوگىيە كەسپىدە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن 1979 - يىلغىچە شۇ مەكتەپتە ئېلىپ قېلىنىپ، «ئارخېئولوگىيە خىزمىتى قوللانمىسى»نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلغان. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1979 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلغان. 1985 - يىلى 12 - ئايدىن 1986 - يىلى 5 - ئايغىچە، 1991 - يىلى 1 - ئايدىن 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى يېرىم يىل فرانسىيەدە ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، فرانسىيەدىكى بەزى تاش قورال نۇقتىلىرىدىكى قېزىش، تەتقىقات ئىشلىرىغا قاتناشقان.

ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ 1970 - يىلى 6 - ئايدىن ھازىرغىچە بولغان 44 يىللىق ھاياتى ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىغا بېغىشلانغان ھايات بولدى، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر قايناق شەھەرنىڭ ھالاۋىتى، مەئىشىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان شېرىن دەملەردە ئۇ ھاياتلىق چەكلەنگەن رايونلاردا پىژغىرىم ئاپتاپ، قەھرىتان سوغۇقتا قېزىش، رەتلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، ئانا يۇرتنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىگە ئائىت سىر - مۇئەممالارنى يېشىپ جاھان ئەھلىگە نامايان

قىلىش ئۈچۈن كېچىلەرنى تاڭلارغا ئۇلىدى. ھەر كەسىپنىڭ
ئۆزىگە يارىشا جاپاسى بولىدۇ، ئەمما ئارخېئولوگىيە كەسىپ-
دە جاپا - مۇشەققەتتىن سىرت يەنە خەۋپ - خەتەرمۇ يوشۇ-
رۇنغان بولىدۇ، ئادەمسىز، پايانى يوق قۇملۇقلار ۋە قەرەل-
سىز كۆتۈرۈلىدىغان دەھشەتلىك قۇم - بورانلار، ئېزىپ قې-
لىشلار، سۇسىزلىق... مانا مۇشۇنداق ئادەتتىكى كىشىلەر تە-
سەۋۋۇر قىلالمايدىغان ھەم يولۇقمايدىغان قىيىنچىلىق ھەم
خەۋپلەر ئارخېئولوگىيە خىزمىتىگە سايىدەك ئەگەشكەن بول-
دۇ. ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك ئارخېئولوگىيەلىك ھاياتىنى را-
يونىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيەسى ئۈچۈن داۋاگەسىز ئاتاپ كېل-
ۋاتقان پېشقەدەم ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئەپەن-
دى 60 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان ھازىرقى كۈندىمۇ،
ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل
بولماقتا. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، باشلامچىلىق
ئىقتىدارى خىزمەتداشلىرى ۋە باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئې-
تىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەچكە، 1989 - يىلى شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخې-
ئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1997 -
يىلدىن باشلاپ بۇ ئورۇننىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇ-
ئاۋىن باشلىقى بولۇپ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان
ھەم قانۇنىي ۋەكىلى بولغان. 2003 - يىلى بۇ ئورۇننىڭ باش-
لىقى بولغان. 2009 - يىلى 5 - ئايدا 2 - سەپكە چېكىنىپ مۇشۇ
ئورۇننىڭ پەخرىي باشلىقى بولغان. كەسپىي ئەمگەك ئۇنۋا-
نلىرىغا ئاساسەن، 1994 - يىلى كاندىدات تەتقىقاتچى، 2000 -
يىلى تەتقىقاتچى، 2013 - يىلى دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك تەتق-
قاتچى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل خىزمەتكە قاتناش-
قاندىن بۇيان ئىزچىل تۇردە 1 - سەپتە تۇرۇپ كونا خارابە -
ئىزلارنى ئىزدەپ تېپىش، قېزىش، تېپىلمىلارنى رەتلەش،
قېزىش دوكلاتلىرىنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. 1973 -،
1974 - يىللىرىدىكى تۇرپان ئاستانا قەبرىستانلىقىنى قېزىش،
1979 - يىلىدىكى كۆنچى دەرياسى ئاياغ ئېقىنىدىكى قەدىمكى
قەبرىستانلىق جىلغا (گۇموگۇ) قەبرىستانلىقىنى قېزىش،
1979 ~ 1989 - يىلغىچە لوپ كۆلى رايونىغا سەككىز قېتىم
كىرىپ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈش،
1980 -، 1987 -، 1988 -، 1990 - يىللىرىدىكى نىيە خارابىسىنى
تەكشۈرۈش، 1991 -، 1992 - يىللىرى فىرانسىيەدىكى دۆلەت-
لىك تەتقىقات مەركىزىدە تارىختىن بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيە
كەسپىدە ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى

كۆرستىش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇ 1995 - يىلىدىكى
يارغول قەدىمكى شەھىرى غەربىي دەپسەڭدىكى كونا تاش
قورال ئىزىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە باشچىلىق
قىلغان. 1991 - يىلدىن ھازىرغىچە فىرانسىيە پەن تەتقىقات
مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن ھەمكار-
لىشىپ، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ مەسئۇللۇقىدا ئادەمسىز
لوپ كۆلى رايونى ۋە كېرىيە دەريا ۋادىسىدا كۆپ قېتىم ئار-
خېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە بولغان. كۆرۈپ تۇرۇپتى-
مىزكى، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئېلىمىز تەۋەسىدىكى تەكلىما-
كان قۇملۇقىدا كۆپ قېتىم ۋە ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت ئارخېئولو-
گىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغان ئالىم ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ
ئىچىدە بىرىنى مىسالغا ئالساق، 2002 - يىلدىن 2005 - يىلغى-
چە چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقى-
نى قېزىش خىزمىتى ئۇدا تۆت يىل داۋاملاشقان بولۇپ، ئۇ
بۇ جەرياندا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىلمىي تەكشۈ-
رۈشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا مۇشۇ رايون
ئارخېئولوگىيەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 2007 - يىلدىن
ھازىرغىچە ياپونىيە يەر شارى فىزىكىسى تەتقىقات ئىنستىتۇ-
تى بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنىڭ قەدىم-
كى ئېكولوگىيەسى تەتقىقات تۈرىگە رىياسەتچىلىك قىلماقتا.
ئارخېئولوگىيە سىرلىق ئىلىم، شۇنداقلا مۇرەككەپ ئىلىم،
چېتىشلىق دائىرىسى بەك كەڭ ئىلىم. بۇ ئىلىم كىشىدىن جاپا-
لىق ئىزدىنىشنى، قايتمايدىغان خاراكتېرنى، چىدام - غەيرەت-
نى، ئاجايىپ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان جاسا-
رەتنى، قورقۇمسىزلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەقىقەت ئۈچۈن
تەۋرەنمەيدىغان روھنى، كۈچلۈك ئىلمىي تەسەۋۋۇرنى
تەلەپ قىلىدۇ. مانا مۇشۇلارنى ھازىرلىغان ئادەملەرلا ئار-
خېئولوگ بولالايدۇ، ئارخېئولوگىيەنىڭ شان - شەرىپى ۋە
ھىممەت - نېمىتىگە سازاۋەر بولالايدۇ.

پېشقەدەم ئارخېئولوگ ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگىيە ھاياتىنى
ئەسلىگىنىدە كۆپ مەمنۇن بولىدۇ، دائىم دېگۈدەك ئۇ تەك-
شۈرگەن قەدىمكى شەھەرلەر كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ.
خىزمەتداشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، شۇلار بىلەن بىرلىكتە
مۇشەققەت چېكىپ قېزىپ تەكشۈرگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمى-
غان قۇم دەريا قەدىمكى قەبرىستانىنىڭ ھېس - ھاياجىنى
تېخى بېسىلغىنى يوق. قۇم دەريا قەبرىستانى كۆنچى دەريا-
سىنىڭ قۇرۇق ئاياغ ئېقىنىنىڭ پاتالىق كۆل دېگەن جايىدىن
جەنۇبقا ئاققان بىر تارامى بويىغا جايلاشقان، كۆنچى دەريا-
سىنىڭ قۇرۇق ئېقىنى بىلەن بولغان ئارىلىقى 60 كىلومېتىر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كروران قەدىمكى شەھىرى قەلئەسىگە 175 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە، بۇ قەبرىستاندىن شۇ دەۋرگە تەئەللۇق بولغان قەدىمكى قەبرىستانلىق جىلغا (گۇموگۇ)غا 60 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ.

قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى 1934-يىلى جۇڭگو - شۋېتسىيە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى شىۋېتسىيەلىك ئارخېئولوگ، دوكتور فولك بېرگمان تەكشۈرگەن ۋاقىتتىن تاكى 2000-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھېچ كىشى بېرىپ تەكشۈرۈپ باقمىغان، توغرىراقىنى ئېيتقاندا تېپىلمىغان. پەقەت 2000-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرى شېنجېندىكى داتاڭ كىنو - تېلېۋىزىيە ئېلانچىلىق شىركىتى تەشكىللىگەن «جۇڭگو غەربىي يۇرتتىكى قۇملۇققا سەپەر» پروگراممىسىنى سۈرەتكە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر، فولك بېرگماننىڭ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىدىن تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرىنى تەپسىلىي ئۆگىنىش ئارقىسىدا، سۈنئىي ھەمراھ ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى (GPS)نىڭ ياردىمىدە ئىزدەپ، 2000-يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنى قۇم دەريا خارابىلىكىنىڭ ئورنىنى تاپقان، ئىلمىي قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى 2002-يىلى دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلانغان.

ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى قېزىش تەستىقنامىسى قولىغا ئالغىنىدا تولىمۇ ھاياجانلانغان ھەمدە خىزمەتداشلىرىغا: «ئەگەر بۇ قېتىم قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى تېپىپ كىرەلمىسەم ۋەزىپەمدىن ئىستېپا بېرىمەن»، دېگەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئانا زېمىنغا بولغان چەكسىز مۇھەببەت، ئۆز خىزمىتىگە بولغان بىھېساب مەسئۇلىيەت، قورقماس ئىرادە ھەم مۇستەھكەم ئىشەنچ مۇجەسسەملەنگەن.

2002-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئاتلاندى. 12-ئاينىڭ 25-كۈنى تىكەنلىك بازىرىدىن يولغا چىقتى، ئاۋۋال نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش شىركىتىنىڭ دالا ئاپتوموبىلىدىن ئىككىنى كۆتۈرە ئېلىپ ئارغاندىن تارىم دەرياسىنى ياقىلاپ شىمالغا يۈردى، ئاپتوموبىل ئىككى كۈن يۈرۈپ، قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا 15.6 كىلومېتىر قالغاندا قۇملۇقتا ماڭالماي قالدى، شۇنىڭ بىلەن قالغان مۇساپىنى پىيادە مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئۇ گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر گۇرۇپپىنى تۆگە ئۇقۇشۇپ ئېلىپ كېلىشكە، بىر گۇرۇپپىنى چۈشكۈنىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، بىر قانچەيلەننى ئۆزى باشلاپ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقتى. 15.6 كىلومېتىر مۇساپىنى 30 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىككى كۈندە تاماملاپ، 12-ئاينىڭ 28-كۈنى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى ئىزدەپ تاپتى. قەبرىستانلىقنى كۆرۈپ ھاياجانلانغان ئارخېئولوگلار قەبرىستانلىققا كەلگەندە ئولتۇرۇپ قېلىشتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تولىمۇ كېچىككەنلىكىنى ھېس قىلىشتى، ئۆزلىرىنى گۇناھكار ھېسابلاشتى، تەكشۈرۈشتىن بىلىنىشىچە 190 دىن ئارتۇق قەبرە «كېپەن ئوغرىلىرى» تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىدى.

ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قەبرىستانلىققا كۆزلىرى خىرەلەشكەن ھالدا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى، جۇمھۇرىيەتنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش قانۇنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، قانۇننىڭ ھەيۋەتلىك مەزمۇنلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى: «قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى، قەدىمىي قەبرىلەر، تاش غار ئىبادەتخانىلار دۆلەت ئىلكىدە بولىدۇ... بارلىق ئورگان، تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قانۇن بويىچە قوغداش مەجبۇرىيىتى بار... بارلىق ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتىدە تەستىقلىتىش رەسمىيىتى ئۆتەش شەرت؛ ئارخېئولوگىيەلىك قازغۇچى ئورۇنلار گوۋۇيۈەننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ھەر قانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ئۆز مەيلىچە قېزىشىغا يول قويۇلمايدۇ»... قانۇندا يەنە قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى، قەدىمىي قەبرىلەرنى ئوغرىلىقچە قازغانلار، دۆلەت قوغدايدىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن بۇزغانلار، دۆلەت ئىلكىدىكى ساقلانما مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى ئۆز ئالدىغا ساتقان ياكى دۆلەت ئىلكىدە بولمىغان ئورۇن ياكى شەخسلەرگە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بەرگەنلەر... نىڭ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇندىن 58، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇندىن 263، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇندىن 673 بار ئىدى. دەسلەپكى تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، ش ئۇ ئا ر دائىرىسىدە 4000 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى بولۇپ، ساقلىنىۋاتقان يادىكارلىق 110 مىڭ دانىدىن ئاشىدۇ. ناۋادا ھەممە

جاي مۇشۇنداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا؟... ئۇلار ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىق، ۋەتىنىنىڭ ئۆتمۈشىگە، بۈگۈنىگە، كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئادەم كېپەن ئوغرىسى بولىدۇ، ۋەتىنىنى سۆيمەيدىغان ئادەم كېپەن ئوغرىسى بولىدۇ، خەلقىنىڭ، ئەجدادىنىڭ شان-شەرىپىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بولمىغان ھايۋان سۈپەت ئادەم كېپەن ئوغرىسى بولىدۇ ھەم كېپەن ئوغرىلىرىغا موھتاج بولىدىغان، كېپەن ئوغرىلىرىدىنمۇ شەرمەندە مەدەنىيەت ئوغرىلىرىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدىغان نەپسى بالا ئادەملەر كېپەن ئوغرىسى بولىدۇ... ھەممىسى نادانلىقتىن بولۇۋاتاتتى، بۇ نادانلىققا بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنىدى، بۇنىڭدىن يۈز يىللار مۇقەددەم، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن، نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە داۋام قىلىۋاتقان نادانلىق ئىدى، بۇ نادانلىقنىڭ تېگىدە ئۆز ئاتا-ئەجدادىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەملەردە بولىدىغان شەپقەتسىزلىك، بەختسىزلىك ئالۋاستى كەبى ھجىيىپ تۇراتتى.

2003-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى بارلىق خادىملار قۇم دەريا قەبرىستانلىقىغا يېتىپ كېلىپ تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى ھەمدە يەر ئۈستىدىن 100 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى تېرىۋالدى. قەبرىستانلىق قۇم دەريا ئېقىنىنىڭ تۆت كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان تۇخۇم شەكىللىك قۇم بارخىنى ئۈستىدە بولۇپ، يەر يۈزىدىن 7.5 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىدى. ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، لىيۇ گورۇي، نىجات روزى، ئېلى لېتىپ، نيۇ گېڭ، ئابدۇغېنى، لى ۋېنيىڭ قاتارلىق ئارخېئولوگلىرىمىز 2003-يىلى 1-ئايدا بىر ئاي، 2003-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ ئۈچ ئاي (2004-يىلى باھار پەسلى كەلگەندە قەبرىستانلىقنى ساقلاشقا ئادەم قالدۇرۇپ يېنىپ چىققان)، 2004-يىلى 9-ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېيىنكى يىلى 3-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە (جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيە تەتقىقات مەركىزىدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن جۇ خۇڭ، تېڭ مىڭيۇ، ۋاڭ پېيشىن ۋە تۆت نەپەر ئاسپىرانتمۇ قاتناشقان، بۇلار 2005-يىلى 1-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 2-ئاينىڭ 12-كۈنىگىچە قاتناشقان) جەمئىي ئون ئايدىن ئارتۇق قازدى. قېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان ئارخېئولوگىيە خادىملىرىدىن ئون نەچچە، ھەتتا نەچچە ئون كىشى بولۇپ ناھايىتى جاپالىق ئىشلىدى، يىگنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك قازدى، خۇددى قەبرىستاندىكى ھەر بىر تال قۇمنى بىرمۇبىر ساناپ، تېلىسكوپتا كۆزىتىپ ئاندىن يۆتكىگەندەك قازدى. شۇنچىلىك ئىشلىگەنگە، زىل تېخنىكىلار بىلەن قازغانغا تۇشلۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، 167 قەبرىنى تازىلىدى، قېزىپ رەتلىدى، 1000 پارچە ياكى دانىدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى، ياخشى ساقلانغان مومىيادىن 30 نەچچىنى قېزىپ چىقاردى. قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدىن ئون دانە مىس پارچىسى، مىس نۆكەش، بىر دانە مىس ئوق ئۇچى، بىر تال ئالتۇن ھالقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 دانە مېتال بۇيۇم قېزىۋېلىندى، بۇ يەردىن ئېلىمىزدىكى ئەڭ بالدۇرقى ساپ قەلەي بۇيۇم بايقالدى، بۇيۇملارنىڭ تەركىبى ئېنىقلاندى. بۇ قەبرىستانلىقنى قېزىش خىزمىتى ئىلىم ساھەسىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى، مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، «جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتى» تەھرىراتى تەرىپىدىن 2004-يىلى «مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشنىڭ بىرى» دەپ باھالاندى.

بۇ قېتىم قېزىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ بۇنىڭدىن 3500 ~ 4000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرىگە ئائىت سىرلارنى يېشىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئاساسلارنى ئاتا قىلدى ھەم نۇرغۇن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇلار مىس قوراللار دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شۇ دەۋر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مۇھىم ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يادىكارلىقلار ئىدى. بۇلار ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان «بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» دېگەن سىرلىق ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ قاچان ئىكەنلىكىگە جاۋاب بېرەتتى، يىراق تارىخىمىزنى يورۇتۇشتا مۇشۇ يادىكارلىقلار تىلغا كىرىپ ئۆزى سۆزلەپ بېرەتتى، بۇنىڭغا زامانىۋى پەن-تېخنىكىلار ئۈنۈملۈك ياردەم بېرەتتى. بۇ جەھەتتە كەڭرەك قوللىنىدىغان كاربون 14 تەجرىبىسى (C14) ئارقىلىق يىل دەۋرى بېكىتىلىدۇ، يەنى ياغاچنىڭ تەركىبىدە مول كاربون مولېكۇلىسى بولۇپ، ئاتموسفېرادىكى ئازوت 14 ئالەم بوشلۇقىدىن كەلگەن نۇرنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىرىشىدىن كاربون 14 پەيدا بولىدۇ (ئاتموسفېرادىكى كاربون 14 مىليون يىللاردىن بېرى مۇقىم بولۇپ كەلگەن)، كاربون 14 پەيدا بولغاندىن باشلاپ ئازوت 14 كە ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ، لېكىن، سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولۇپ تېمپېراتۇرا، بېسىم قاتارلىق تاشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، جانلىقلار ۋە جىسىملار ئۆلگەندىن كېيىن ماددا ئالماشتۇرۇش توختىغانلىقتىن، ئاتموسفېرادىكى كاربون 14 ئۇلارنىڭ جىسمىغا كىرەلمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ تېنىدىكى كاربون 14 قانۇنىيەتلىك

ھالدا كېمىيىپ بارىدۇ. ھېسابلاشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، كاربون 14 ھەر 5730 يىلدا يېرىمى كېمىيىدۇ، ئەۋرىشكىدىكى كاربون 14 نىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى ئۆلچەپ چىقىلسا، يۇقىرىقى قانۇنىيەت بويىچە يىل دەۋرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مانا بۇ تېخنىكىنى كەشىپ قىلغان ئامېرىكىلىق ئالىم لىببى مۇشۇ تېخنىكىسى بىلەن 1960 - يىلى نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭغا يەنە ياغاچنىڭ يىل ھالقىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق خاتالىق پەرقى تېخىمۇ ئازايتىلىدۇ. بۇ تېخنىكىدا 1000 يىلدىن 50 مىڭ يىلغىچە بولغان تارىختىكى ئەۋرىشكىلەرنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتكىلى بولىدۇ. بۇ تېخنىكىدا ئىشلىتىدىغان ئەۋرىشكىنىڭ مىقدارى كۆپرەك بولغانلىقتىن بەزى يادىكارلىقلارنى بۇزۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلەشكە بولمايتتى. 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرى بارلىققا كەلگەن، قانۇنىيىتى كاربون 14 تەجرىبىسىگە ئوخشىشىدىغان ماسسا سپېكتېرى تېزلەتكۈچ ئارقىلىق يىل دەۋرىنى ئۆلچەش تېخنىكىسى (AMS) بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى، يەنى بىر مىللىگرامدىن بەش مىللىگرامغىچە ئېغىرلىقتىكى ئەۋرىشكە بولسىلا يىل دەۋرىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدىغان بولدى. بۇ ئۇسۇلدا دەۋرى ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 100 مىڭ يىلغىچە بولغان بۇيۇملارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكىلىق پروفېسسور خۇنتلېي 1985 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان نۇر قايتۇرۇش تېخنىكىسى (光释法، OSL) يەر ئاستىدا ساقلىنىپ قالغان ساپال بۇيۇم، قۇم - شېغىل، كان بايلىقلىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئىئونىزاتسىيە رادىياتسىيەسىنىڭ نۇر شەكلىدە تارقىلىپ چىقىشى ئارقىلىق ھېسابلاپ چىقىلىدۇ. بۇ تېخنىكا ساپال قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشتە قوللىنىدۇ. بۇ تېخنىكىدا ئەۋرىشكىنىڭ ئىئونىزاتسىيە رادىياتسىيەسىنىڭ نۇر شەكلىدە تارقىلىش قۇۋۋىتى بىلەن مۇھىتتىكى مىقدارى، OSL سىگنالى ئارقىلىق بېرىلگەن نۇر مىقدارى ئىنكاسىنىڭ فۇنكتسىيەسى ئارقىلىق كۆمۈلۈپ قالغان ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى نۇر قايتۇرۇش (光释法، OSL) ئارقىلىق يىلنى ھېسابلاش تېخنىكىسى، دېيىلىدۇ. بۇ تېخنىكىدا يۈز يىلدىن مىليون يىلغىچە بولغان تارىختىكى، كۆمۈلۈپ قالغان بۇيۇملارنىڭ يىل دەۋرىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە ئالىملارنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ، قېزىۋېلىنغان ماتېرىياللارنىڭ يىل دەۋرىنى، ماتېرىيال تەركىبىنى، ئۆزگىرىشىنى، ياسىلىش ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى، دىن ھەم مەدەنىيەت مۇھىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلاش كېرەك بولىدۇ، ئۇلار بىر - بىرىدىن قىيىن، بىر بىرىدىن سىرلىق، بىر - بىرىدىن مۇھىم، بىرىنىڭ جاۋابى يەنە بىرىنىڭ سىرىنىڭ ئېچىلىشىغا شەرت ياكى تۈرتكە بولىدۇ. ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل مانا شۇنداق تېپىشماق كەبى مۇرەككەپ ھەم تىلسىملىق سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش يولىدا ھارماي - تالماي ئىزدەنگەن ئالىم. ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى قېزىش داۋامىدا ناھايىتى كۆپ مۇشەققەت تارتتى، قۇم دەريا بىلەن 218 - دۆلەت تاشيولى ئارىسىدا ماشىنا قاتنايدىغان يول تېپىپ، كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كىرىش، قېزىلمىلارنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يول لىنىيەسى تېپىش لازىم ئىدى، مۇشۇ ئەتراپتا پىيادە 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ئاخىرى بۇ يول لىنىيەسىنى تېپىپ چىقتى.

قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى قېزىش جەريانى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلغا نىسبەتەن ھاياتىدىكى مۇشەققەتلىك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىشتىكى پەقەت بىر قېتىملىقى خالاس، ئۇنىڭ ھاياتى مانا شۇنداق مۇشەققەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكەن ھايات.

ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلارنى تاپقاندا بۇ تېپىندىلارنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىش، بولۇپمۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىختىكى ئىگە مومىيالارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۈگۈن مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپ بىلەن قانداق ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى بىلىش كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل مومىيالارغا قاراپ ئۆزىنىڭ سىن تۇرقىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى سەزگىنىدە، چوڭقۇر ئىزگۈ ھېسلارغا كېلەتتى. ئەمما بۇ ئىنتايىن زىل مەسىلە بولۇپ ھېسسىياتقا تايىنىپ جاۋاب بەرسە بولمايتتى، گەرچە ئىرقىي جەھەتتىن ئۆلچەش كۆزىتىشلەر مەلۇم دەرىجىدە بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلىسىمۇ، بۇ مەسىلىلەرگە ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا ياخشى جاۋاب بېرەلەيتتى، پەن ۋە تېخنىكىنىڭ جاۋابىلا ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن بولغان بولىدۇ. بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىدىغان ئىرسىيەت گېن ئىلمى بارلىققا كەلدى. بۇ ئىلىمنىڭ جاۋابى ئارقىلىق، بەزى ئالىملارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قەدىمكى تارىملىقلار توغرىسىدىكى ناباب قاراشلىرىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ.

DNA جانلىقلار (ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالى

دۇ) ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تېنىدە ساقلىنىپ قالغان نوكلېئىك كىسلاتا (ئەڭ ئاساسىي ئىرسىيەت ئۇچۇرى ماددىسى)نى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئاز مىقداردا ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ، ساقلىنىپ قالغان ئەنە شۇ ئازغىنە DNA مۇ ھىدروسىزلىنىش، ئوكسىدلىنىش، نەملىك ۋە تېمپېراتۇرا قاتارلىق ئامىللار سەۋەبىدىن بۇزۇلغان بولىدۇ، ئالىملار مانا بۇنى كېڭەيتىش، چوڭايتىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆلچىگۈدەك دەرىجىگە يەتكۈزۈپ تەتقىق قىلىدۇ. DNA ئادەتتە تاشقاتما، قەدىمكى ئۇستىخان، تۆك غولى، يۇمشاق توقۇلما، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى، گۈل چېڭى، دەرەخ غولى قاتارلىقلاردىن ئېلىنىدۇ. DNA تېخنىكىسى ئىنسانلارنىڭ ئەجداد- ئەۋلاد مۇناسىۋىتىنى، كۆچۈش تارىخىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. مىسالەن لوپ كۆلى رايونىدا ياشىغان ۋە ئۆزلىرىنى «لوپتۇق» دەپ ئاتايدىغان ئاھالە تۈركۈمىنىڭ ئېتنىك تەۋەلىكى توغرىسىدا «قالماقتار» (موڭغۇل)، «قىرغىززار» دېگەندەك ھەر خىل قاراشلار بولۇپ ھەتتا ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئاخبارات ساھەلىرىگىچە كىرگەندى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ئىلمى ۋە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتىدىكى دوكتور، پروفېسسور ماخمۇت خالىقنىڭ تاجىگۈل ئابدۇكېرىم قاتارلىق ئوقۇغۇچىلىرى لوپنۇر ناھىيەسىدىكى لوپلۇقلاردىن ساغلام 23 كىشى (ئەر 12 نەپەر، ئايال 11 نەپەر)دىن قان ئەۋرىشكىسى ئېلىپ يىپسىمان تەنچە DNA D–loop تېخنىكىسى بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق، لوپلۇقلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى بىلەن كاۋكازلىقلارنىڭ ئارىسىدا تۇرىدىغانلىقى، لوپلۇقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىرسىي گېن جەھەتتىن ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ، 2008- يىلى «بىيوتېخنىكىسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىپ، پەرەزلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان، مۇجمەللىك تۇغدۇرۇۋاتقان، كىشىلەرنى ئازغاشتۇرۇۋاتقان مەسىلىنى ناھايىتى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن يېشىپ بەردى. مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەسىلە كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىدىكى ئاھالىلەر ئۈستىدىمۇ بولغان، ئۇلارنى سىگانلار ئىكەن دېگەندەك پەلەپەتىش بايان بىر ۋاقىتلاردا ئالەمنى بىر ئالغانىدى. جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ئىلمى ئىنستىتۇتىدىكى دۈەن رەنخۇي، سۈي يىنچيۇ، جوۋ خۇي، جۇ خۇڭ قاتارلىق پروفېسسور، دوكتورلار دەريا بويى كەنتىدىكى 75 كىشىنىڭ (ئەر 50 نەپەر، ئايال 25 نەپەر) يىپسىمان تەنچە DNA سىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان، تەتقىقاتتىن مەلۇم بولدىكى، ئۇلار گېن جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى (دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى) ھەم قازاقلار (دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى)گە ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكى بىلىنگەن، جۈملىدىن ئىرسىي گېن جەھەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى، قازاقلىرى ۋە چەت ئەل ئۇيغۇرلىرى ۋە قازاقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان. مانا بۇ ئىلمىي تەتقىقات يەكۈنى كېرىيە دەريا بويى كەنتىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئورتاق ئېتنىك مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

DNA تېخنىكىسى قانداقتۇر ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇئەممالارنى يېشىشتىلا ئەمەس، قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرىدىغان بولساق، چەرچەن ناھىيەسى تەۋەسىدىن بۇنىڭدىن 2600 يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن 1900 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان زاغۇنلۇق قەبرىستانى بايقىلىپ، ئارخېئولوگلىرىمىز تەرىپىدىن قېزىلغان، مۇشۇ قەبرىستاندىن تېپىلغان مومىيالاردىن 15 نىڭ گېن ئەۋرىشكىسى ئېلىنىپ يىپسىمان تەنچە DNA سى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغان، بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق ئىلمى ئىنستىتۇتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر زاغۇنلۇق ئادەملىرىنىڭ ئانىلىق ئىرسىي گېنى جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرى بىلەن ئورتاق ئېتنىك مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكى، كۆپ ئېھتىماللىق خەرىتىسىدىن ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن قالسا قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ۋە قازاقلىرىغا يېقىن ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

بۇ مەلۇماتلار بىزگە رايونىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى بېرىش بىلەن بىللە، يەنە كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان مۇھىت مەسىلىسىنى ئەسكە سالىدۇ. بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن شۇنچە كۆپ ئادەم ياشىغان، شۇنچە مول مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن، شۇ قەدەر گۈزەل يۇرت بولغان زېمىنىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، ئادەم ياشىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە خارابىگە ئايلىنىپ كېتىشى، بىزنىڭ بۈگۈن ھەم بىز ياشاۋاتقان زېمىنىنىڭ مىڭ يىلدىن كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە قورقۇنچلۇق خىياللارغا دۇچار قىلىدۇ.

رايونىمىز ئارخېئولوگىيەسىدە كىشىگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان، كىشىنى ئويغا سالىدىغان ئاجايىباتلارنىڭ، سىرلارنىڭ بايقىلىشى، يېشىلىشى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ھەم ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭغا ئوخشايدىغان ئىلىم ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ پىداكارلىقى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا روشەن نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ، بىزگە پەخىر ھەم غۇرۇر ئاتا قىلىپ تۇرۇپتۇ.

ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلنىڭ ھايات كەچمىشلىرىگە قارايدىغان بولساق، مۇشەققەتلىك ھاياتى بەدەلىگە مۇناسىپ شەرەپلەرگە ھەم مۇيەسسەر بولغان. تارىم ئويمانلىقىدا تەكلىماكاننى كېزىپ نەچچە يۈز كىلومېتىر مۇساپىنى پىيادە باسقان. ئۇ بارلىقىنى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىگە بېغىشلىغان، خىزمەت ئۈچۈن جان دەپ كىرىشىدىغان روھى توغرىسىدا مىساللار خېلى كۆپ، بۇنىڭغا بىرلا مىسال كەلتۈرسەك، چاقىلىق ناھىيەسىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقىنى قېزىۋاتقان ۋاقىت، يەنى 2003 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاتىسى تۈگەپ كەتكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ، مېھرىبان ئاتىسىنىڭ تۈگەپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدرىس ئابدۇرۇسۇلغا ناھايىتى ئېغىر زەربە بولىدۇ، ئۇ ئىككى كىلومېتىر نېرىغا بېرىپ يۈم - يۈم يىغلايدۇ، ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگ بولغىنىغا ئۆكۈنىدۇ، قەدىردان ئاتىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغىنىدىن، جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ يەرلىككە قويالمىغىنىدىن، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلالمىغىنىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. بىپايان قۇملۇقتا ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرەيدۇ، ئېسەدەيدۇ، ئىختىيارسىز تۆكۈلۈۋاتقان يېشىنى توختىتىپ، كۆز يەتكۈسىز بارخانلارغا قاراپ: «ئاتا، ئاتا مېنى كەچۈر» دەپ ۋارقىراپ نىدا قىلىدۇ.

ئۇ ئاخىر ئەترەتنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پىيادە يول مېڭىپ نېفىت قېدىرىش ئورنىنىڭ ئون نەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى پونكىتىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ماشىنىسى بىلەن تىكەنلىككە، ئۇ يەردىن ماشىنا تېپىپ كورلىغا يېتىپ بېرىپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ، توختىماستىن 36 سائەت ئۇدا يول يۈرۈپ، يەتتە نەزىرىسىگە ئۈلگۈرۈپ بارىدۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى تۈگىتىپ، شۇ كۈنى كەچ پويىز بىلەن كورلىغا قاراپ يولغا چىقىش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا بارغىنىدا، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسكەن، كىيىملىرى غەلىتىرەك كۆرۈنگىنى ئۈچۈن ئىستانسا خادىملىرى ۋە يولۇچىلارنى چۆچۈتۈۋېتىدۇ. ۋوگزال ساقچىلىرى دەرھال كىملىكىنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋوگزال ساقچىلىرى بۇ غەلىتە كىشىنىڭ كىملىك ۋە خىزمەت كىنىشكىلىرىنى كۆرۈشكىنىدە، ئۇنىڭ قۇملۇقتىن جىددىي چىقىپ يەنە خىزمىتى دەپ ئالدىراپ ماڭغانلىقىنى بىلىپ ئاندىن خاتىرجەم بولۇشىدۇ. ئۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى ئىچىدە تەكلىماكان چۆللۈكىگە ئەڭ كۆپ قېتىم كىرگەن، ئۇ يەردە تۇرۇپ ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت خىزمەت قىلغان ئارخېئولوگ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ۋە ئۇ باشلىغان ئاخېئولوگىيە خادىملىرى مۇشەققەتتىن قورقماسلىق روھى، خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى بىلەن نۇرغۇن ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. ئۇ باشچىلىق قىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلاردىن چاقىلىق ناھىيەسىدىكى قۇم دەريا قەبرىستانلىقى، لوپنۇر ناھىيەسىدىكى چۇشكەن (يىڭپەن) كونا شەھىرى، كۇچا ناھىيەسىدىكى تاش ئۆي، نىيە قەدىمكى شەھىرىنى قېزىش قاتارلىقلار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش» تۈرىگە كىرگەن. ئۇ يەنە 2007 - يىلى دالا ئارخېئولوگىيەسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل 30 نەچچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1979 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە ئون يىلدا مەسئۇل بولۇپ ئەترەت باشلاپ لوپ كۆلى رايونىدا سەككىز قېتىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى تەكشۈرگەن ھەمدە LK قاتارلىق 11 خارابىلىكنى ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بايقىغان. 1980 -، 1987 -، 1989 - يىللىرى ئۈچ قېتىم نىيە خارابىلىكىگە كىرىپ تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. 1985 - يىلى، 1991 - يىلىدىن 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە فىرانسىيەگە پەن تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپى بىلەن فىرانسىيەگە بېرىپ ئىككى يېرىم يىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم فىرانسىيەنىڭ كونا تاش قوراللار ئىزلىرىنى تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمەتلىرىگە قاتناشقان، شۇ جەرياندا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تاش قوراللارنى ياساش ئۇسۇلىغا تەقلىد قىلىنغان كۇرۇسلارغا قاتناشقان ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ سىپتا تاش قوراللار ئىزلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. 1991 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە فىرانسىيە پەن تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ، كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى خارابىلىكلەرنىڭ گۈللىنىشى، خارابىلىشىشى، ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى، ئېكولوگىيەلىك ئۆزگىرىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا تەك-

شۇرۇش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1993 ـ، 1994 ـ يىلى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش داۋامىدا بۇنىڭدىن 25 مىليون يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان كەركىدانىنىڭ تاش قاتمىسىنى قېزىپ چىقاردى. 1995 ـ يىلى ب د ت ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھىرىنى رېمونت قىلىشقا ماسلىشىپ ئىشلەش داۋامىدا، يارغول قەدىمكى شەھىرى ئەتراپىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىنى تەكشۈرۈپ، يەر تەكتىدىن كونا تاش قوراللار بايقىغان، بۇ بايقاش رايونىمىزنىڭ كونا تاش قورال دەۋرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىدىن يېتىشىپ چىققان 2 ـ ئەۋلاد ئارخېئولوگ، 1972 ـ يىلىدىن ھېسابلىغاندا، ھازىرغىچە 40 يىلدىن ئارتۇق ھاياتى چۆل ـ جەزىرىلەردە ئۆتتى، ئۆتكەندىمۇ ناھايىتى مەنىلىك ئۆتتى. بۇ جەرياندا تەكلىماكاننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، نەچچە قېتىم تەكلىماكاننى كېزىپ چىقتى. نۇرغۇن كونا شەھەر خارابىلىرىنى قازدى، تەكشۈردى، تەتقىق قىلدى. ئۇ ھاياتىدا تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېزىش، تەكشۈرۈش داۋامىدا چەككەن رىيازەتلىرىدىن مەمنۇن بولدۇ، چۈنكى ئۇ، ئەجدادلاردىن قالغان ئىزلارنى قېزىپ چىقىپ ئەۋلادلارغا نامايان قىلدى. قەدىمكى دەۋردىكى تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئارقىلىق يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىنى نامايان قىلىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە يۆتكىلىشى، تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تىلسىم بولۇۋاتقان سىرلارنىڭ يېشىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇنىڭ قۇم دەريا قەبرىستانلىقىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى بۇ قىسقا ئەسىرىمىزنى ئۇنىڭغا سالامەتلىك ۋە ئۇتۇق تىلەش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ مۇنۇ يۈرەك سۆزى بىلەن تاماملاشنى لايىق تاپتۇق؛

«سالامەتلىكىم يار بەرسە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىق تەكلىماكاندا تەكشۈرۈشتە بولۇشنى، تەكلىماكاننى تەتقىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، چۈنكى، تەكلىماكاندا تېخى بايقالمىغان ئىزلار، ئېچىلمىغان سىرلار ناھايىتى كۆپ، مانا بۇلار بىزنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئارخېئولوگ ۋە ھەر ساھەدىكى ئالىملارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىمىزنى كۈتۈۋاتقان دۇنياۋى چوڭ تېمىدۇر...»

ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئىزچىل تۈردە 1 ـ سەپتە تۇرۇپ كونا خارابە ئىزلارنى ئىزدەپ تېپىش، قېزىش، تېپىلمىلارنى رەتلەش دوكلاتلىرىنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ خىزمەتلەر ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ھەم مۇشەققەتلىك خىزمەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى، قەدىمكى ئىز ـ خارابىلەر ئاساسەن قۇملۇق ياكى چۆل ـ جەزىرىلەر ئىچىدە بولۇپ ئۇ جايغا بارىدىغان يول يوق، شەھەر بوستانلىقى ۋە سۇ مەنبەسىدىن كۆپ يىراق بولغانلىقتىن، قېزىش خىزمىتى ناھايىتى جاپالىق بولاتتى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ يازلىقى پىژغىرىم ئىسسىق، قىشلىقى قاتتىق سوغۇق، ئەتىياز كۈنلىرى بورانلىق بولۇشتەك كىلىماتى، قەدىمكى خارابىلىكلەرنى ئىزدەش، قېزىش خىزمەتلىرى كۆپ ھاللاردا قىش مەزگىلىگە ئورۇنلاشتۇرۇلماي بولمايتتى. شۇڭا ئارخېئولوگلار قەھرىتان قىشتا نەچچە ئاي چۆل ـ جەزىرىلەردە يۈرەتتى، شۇڭىمۇ بۇ ساھەدە ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەشنى خالايدىغانلار كۆپ بولمايتتى. ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل بولسا جاپادىن قورقمايدىغان، ئارخېئولوگىيە كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىرادىلىك كىشىلەردىن بولغانلىقتىن، ئىزچىل مۇشۇ ساھەدە جاپا چېكىپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ قاتناشقان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلىرى سۆزىمىزگە گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرماقتا. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئېلىمىزدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىدا كۆپ قېتىم ۋە ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتە بولغان ئالىم ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىنى مىسالغا ئالساق، 2002 ـ يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى قېزىپ مۇشۇ رايون ئارخېئولوگىيەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. 2007 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە ياپونىيە يەر شارى فىزىكىسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى بىلەن ھەمكارلىشىپ كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنىڭ قەدىمكى ئېكولوگىيەسى تەتقىقات تۈرىگە رىياسەتچىلىك قىلماقتا. ئۇ ئۆزى قاتناشقان ۋە رەھبەرلىك قىلغان كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تۈرى 2004 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان ۋە 2007 ~ 2006 ـ يىللىق دالا ئارخېئولوگىيەسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان، قېزىشقا قاتناشقان تۈرلەردىن چاقىلىق ناھىيەسى تەۋەسىدىكى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقى، نىيە ناھىيەسىدىكى نىيە خارابىلىكى، لوپنۇر ناھىيەسىدىكى قاق-

شاللىق (يېڭىپەن) قەبرىستانلىقى، كۇچا ناھىيەسىدىكى تاشتۆي خارابىلىكى، بارىكۆل ناھىيەسىدىكى قىزىش قاتارلىق بەش تۈر ئەينى يىللاردا مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش بولۇپ باھالانغان، ئۇ شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيەسى تۈرىدە ئالاھىدە تۆھپە قوشقانلىقتىن، بىر نەچچە قېتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەۋەسى بويىچە مۇنەۋۋەر كوممۇنىست، پارتىيە خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر خادىم بولۇپ باھالانغان. 1994 - يىلى «شىنجاڭنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش مۇكاپاتى»، 1995 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «مەملىكەتلىك ئىلغار خىزمەتچى مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 1997 - يىلىدىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئالاھىدە تۆھپىكار مۇتەخەسسىسى»، 2006 - يىلى «مەملىكەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، 2006 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى بولغان. 2009 - يىلىدىن بۇيان گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمناتىدىن بەھرىمەن بولماقتا. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كورېيە، ياپونىيە ئىلمىي مەتبۇئاتلىرىدا ۋە «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەسى»، «ئارخېئولوگىيە»، «ئاسار ئەتىقە»، «چىگرا رايون ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقاتى»، «جۇڭگو كۇلتۇر مىراسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، خارابىلىرىگە نەزەر»، « 3 - قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخشۇناسلىق ئىلمى. ئارخېئولوگىيە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، «جۇڭگو لوپ كۆلى»، «قۇملۇقتىكى مەرۋايىت — تەكلىماكاننى ئايلىنىش»، «يىپەك يولى» قاتارلىق قاموس، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، مەجمۇئە، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان قېزىش دوكلاتلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى 300 مىڭ خەتتىن ئاشقان. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى بېيجىڭ، شاڭخەي، شياڭگاڭلاردا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇشتا بولغان. ياپونىيە، كورېيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ھىندىستان، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات ساھەلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن، شۇ ئەللەرگە بېرىپ ئىلمىي زىيارەتلەردە بولغان ھەمدە يىپەك يولى ئارخېئولوگىيەسى، خارابىلىرىنى قوغداش مەسىلىلىرى بويىچە ئىلمىي دوكلات بەرگەن.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو تارىخشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەن - تېخنىكا تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كاندىدات كېڭەش ئەزاسى، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ كۇسەنشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ پۇلشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، شىنجاڭ كرورانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلار ئۇستازى. ئارخېئولوگ ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان، بىر نەچچە پارچىسىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا دالا ئارخېئولوگىيەسىدە قېزىش، تەكشۈرۈش، تېپىلمىلارنى رەتلەش خىزمەتلىرىدە ئالدىراش بولغانلىقتىن، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى ئازراق، بەزى قېزىش دوكلاتلىرى ياكى ئىلمىي ماقالىلىرى خىزمەتداشلىرى ياكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلىقتا تاماملانغان. تۆۋەندە ئۇ شەخسەن يازغان ياكى ھەمكارلىقتا پۈتتۈرۈپ ئېلان قىلغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ بىبلوگرافىيەسى بېرىلدى، بەزى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئىلمىي توپلاملاردا قايتا - قايتا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ بىرلا يەردە كۆرسىتىلدى.

**I . ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى ۋە ئەسەرلىرى:**

1. «كروران ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى بايقاشلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1987 - يىلى 1 - سان.

2. «لوپ كۆلى رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى 3 - سان.

3. «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ سېپتا تاش قورال ئىزلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1993 - يىلى 4 - سان. بۇ 60 نەچچە مىڭ خەتلىك چوڭ ھەجىملىك ماقالە بولۇپ، يەنە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيە-

سى چېگرا رايون ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2008 - يىلى نەشر قلغان «شىنجاڭنىڭ تاش قورال دەۋرى ۋە بىرونزا دەۋرى» ناملىق كىتابقىمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ ماقالىنىڭ ئىسمائىل ئىبراھىم تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

4. «تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي قاسنىقىدىكى كونا تاش قوراللار نۇقتىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى نەتىجىلەر (1990 - 1996)»گە كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.

5. «تۇرپان ئويمانلىقىدىن بايقالغان كەركىدان تاش قاتمىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى نەتىجىلەر (1990 - 1996)»گە كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.

6. «ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى تاش قورال ئىزى ۋە تاش قوراللار ئۈستىدە تۇرشۇناسلىق بويىچە تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى نەتىجىلەر (1990 - 1996)»گە كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.

7. «شىنجاڭ كېرىيە دەريا ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن ئومۇمىي بايان»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، 1988 - يىلى 12 - سان.

8. «شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى دەۋرگە مەنسۇپ تاش قورال ئىزنالىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزنالىرى كۆرگەزمىسى»گە كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.

9. «شىنجاڭنىڭ كونا تاش قوراللىرى»، «شىنجاڭنىڭ سىپتا تاش قوراللىرى»، «كېرىيە يۇمىلاققوم كونشەھىرى»، بۇ ماقالىلەر جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيە»سىگە كىرگۈزۈلگەن.

10. «كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى 2002 - يىلىدىكى تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 2003 - يىلى 2 - سان. بۇ ماقالىنى نىجات روزى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىلى 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

11. «كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى 2003 - يىلىدىكى تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتىن دوكلات»، «چېگرا رايون ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2003 - يىلى 3 - سان، پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2003 - يىلى نەشرى.

12. «كروران رايونىنى قوغداش»، «جۇڭگونىڭ كۇلتۇر مىراسى» ژۇرنىلى، 2005 - يىلى 5 - سان.

13. «لوپ كۆلى رايونى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى قېزىش داۋامىدىكى مۇھىم بايقاشلار»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2005 - يىلى 1 - سان.

14. «لوپ كۆلى رايونى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش داۋامىدىكى مۇھىم بايقاشلار»، «كورىيە چۆەننىڭبى پروفېسسورنىڭ 60 ياشلىق تۇغۇلمىنىڭ خاتىرە ماقالىلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن، كورىيە ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق جەمئىيىتى تۈزۈپ، 2006 - يىلى نەشر قىلغان.

15. «شىنجاڭنىڭ لوپ كۆلى رايونى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى قېزىشتا ئېرىشكەن نەتىجىلەر»، «2005 - يىلى جۇڭگودىكى مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلار»غا كىرگۈزۈلگەن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.

16. «كروراننىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى ئېچىش ــ شىنجاڭ لوپ كۆلى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقى»، «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 2004 - يىلىدىكى ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك يېڭى بايقاش»قا كىرگۈزۈلگەن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 2006 - يىلى نەشرى.

17. «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە: مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى كېرىيە دەريا ئېقىنىدا يوقالغان بوستانلىق ــ جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتلىرىدىن خاتىرە»، فرانسىيە خەنزۇشۇناسلىقىنىڭ 11 - توپلىمى ــ «ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ۋە تارىخنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»گە كىرگۈزۈلگەن، جۇڭخۇا كىتابچىلىق نەشرىياتى، 2006 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

18. «شىنجاڭ لوپ كۆلى رايونىدىكى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى 2003 - يىلىدىكى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «ئاسار ئەتىقە» ژۇرنىلى، 2007 - يىلى 1 - سان.

19. «لوپ كۆلى رايونىدىكى كىچىك مۇران بويلىرىنى

ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 2007 - يىلى 2 - سان.

20. «لوپ كۆلى رايونىدىكى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى»، پەن نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشر قىلىنغان شيا شۈنچېڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگو لوپ كۆلى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

21. «تارىم ئويمانلىقىنى بويلىغان يىپەك يولىدا كىيىم - كېچەكلەر توغرىسىدا زىيارەت»، دۇڭخۇا نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشر قىلىنغان «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت — تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ يىپەك يولى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

22. «كروران رايونى LE خارابىسى ئەتراپىدىكى ئوغرىلانغان قەبرە ۋە بۇ يەردىن بايقالغان رەڭلىك توقۇلما كىيىمنى تەكشۈرۈش» (2 - قىسمى)، دۇڭخۇا نەشرىياتى 2007 - يىلى نەشر قىلىنغان «خاس تەكشۈرۈش دوكلاتى»غا كىرگۈزۈلگەن.

23. «كونا تاش قوراللار تۈرى سىستېمىسىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە بىر تۇتاش تۈرگە ئايرىش، نام بېرىش قانۇنىيىتى توغرىسىدا تەكلىپ»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1998 - يىلى 1 - سان.

24. «يىراق قەدىمكى كۆلتۈردىكى شىنجاڭنىڭ تاش قوراللىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 2003 - يىللىق ئالاھىدە سان.

25. «باي ناھىيەسىدىكى قىزىل سۇ ئامبىرى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مىس بۇيۇملار ئۈستىدە مېتاللورگىيەلىك تەتقىقات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 2002 - يىلى 1 -، 2 - ساندا، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىلى 4 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

26. «شىنجاڭنىڭ كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1997 - يىلى 4 - سان، ئەنۋەر قاسىم تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىلى 3 -، 4 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

27. «كېرىيە دەرياسى ئاياغ ئېقىنى ۋە يۇمىلاقتۇم قەدىمكى شەھىرىدىكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنى كۆزىتىش خاتىرىسى»، «قۇرغاق رايون جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى، 2005 - يىلى 3 - سان.

28. «تاش قوراللارنى تۈرگە ئايرىشتىكى تەكرار تۈرلەش قائىدىسى»، «ئاسارئەتىقە» ژۇرنىلى، 1999 - يىلى 3 - سان.

29. «كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىدىن چىققان تووۇرغىدا ساقلىنىپ قالغان ئاقسىل بىرىكمىسى ئۈستىدە ئانالىز»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئارخېئولوگىيە ئىلمى» ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىلى 12 - ئايدىكى نەشردىن چىققان سانى.

30. «1993 - يىلدىن بۇيان كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىن قىسقىچە بايان»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1997 - يىلى 3 - سانى.

31. «شىنجاڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى يۇمىلاقتۇم قەدىمكى شەھىرى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرسىي گېنى DNA سى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگو ئىلىم - پەنى C تۈرى: ھاياتلىق ئىلمى» مەجمۇئەسى، 2008 - يىلى 2 - سانى.

32. «لوپ كۆلى رايونىدا يېڭىدىن بايقالغان قەدىمكى شەھەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈلگەن بەش نۇقتا توغرىسىدا دەۋرشۇناسلىق بويىچە دەسلەپكى تەتقىقات»، «ئىلىم - پەن ئاخباراتى» ژۇرنىلى، 2010 - يىلى 1 - سان.

33. «كىچىك مۇراندىكى چوڭ بايقاشلار»، «خۇاشيا جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى، 2007 - يىلى 8 - سان.

34. «2002 - يىلدىكى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «چېگرا رايون ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2004 - يىلى 12 - سان.

35. «لوپ كۆلى رايونىدىكى كىچىك مۇران ئەتراپلىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش»، «چېگرا رايون ئارخېئولوگىيەسى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2008 - يىلى 12 - سان.

36. «شىنجاڭ لوپ كۆلى رايونىدىكى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى 2003 - يىلدىكى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «ئاسارئەتىقە» ژۇرنىلى، 2007 - يىلى 10 - سان.

37. «يۇمىلاقتۇم قەدىمكى شەھىرىنىڭ سىرى — جۇڭگو ۋە فىرانسىيە ئىككى دۆلەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ يۇمىلاقتۇم قەدىمكى شەھىرىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلىرى»، «پامىر» ژۇرنىلى، 2008 - يىلى 8 - ئايدا نەشردىن چىققان سانى.

38. «كىچىك مۇراننىڭ سىرلىق جۇمپەردىسىنى ئېچىش — شىنجاڭ لوپ قۇملۇقىدىكى كىچىك مۇران قەبرىستانلىقى»،

«پامىر» ژۇرنىلى، 2005 ـ يىلى 1 ـ سانى.

39. «شىمالدىكى قەبرە — چوڭ قۇملۇقنىڭ مەركىزىگە كۆمۈلگەن مىڭ قەبرە (كىچىك مۇران قەبرىستانلىقى)»، «شىنجاڭنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىلى 5 ـ سان.

40. «شىنجاڭ كۇسەن پۇللىرى ئۈستىدە مېتاللورگىيەلىك تەتقىقات»، «جۇڭگو پۇللىرى» ژۇرنىلى، 2003 ـ يىلى 1 ـ سان.

## Ⅱ. نەشر قىلىنغان ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى توپلىمى:

1. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى نەتىجىلەر (1979 — 1989)»، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

2. «تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە: مىلادىيەنىڭ باشلىرىدا يىپەك يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى كېرىيە دەريا ئېقىنىدا يوقالغان بوستانلىق — جۇڭگو ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتلىرىدىن خاتىرە»، فرانسىيە 2000 ـ يىلى فرانسۇزچە نەشرى، 2 ـ ئاپتور.

3. «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت — تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ يىپەك يولى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى، دۇڭخۇا نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.

4. «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (رەڭلىك رەسىم كىرگۈزۈلگەن نەشرى)، باش تۈزگۈچى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى.

5. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن توپلام (1979 — 2009)» (ئۈچ توم)، باش تۈزگۈچى، 2014 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

6. «شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئاۋۋالقى مەدەنىيىتى» (بىرىنچى بۆلۈم)، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2015 ـ يىلى 6 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

## Ⅲ. تېلېۋىزىيەدىكى مەخسۇس فىلىم ۋە زىيارەتلەر

1. «ئۆركەشلىگەن كىچىك مۇران»، ئۈچ قىسىم، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 9 ـ قانىلىدا كۆرسىتىلگەن.

2. «كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىغا سەپەر»، ئالتە قىسىم، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 10 ـ قانىلىدا كۆرسىتىلگەن.

3. «كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنى بايقاش»، ئىككى قىسىم، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى پروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن.

4. «ئارخېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل» (خاس زىيارەت)، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 10 ـ قانىلىدا كۆرسىتىلگەن.

5. «كىچىك مۇران قەبرىستانلىقى»، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە ياپونىيە NHK تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئىشلىگەن «يېڭى يىپەك يولى» پروگراممىسىنىڭ 1 ـ قىسمى.

6. «ئارخېئولوگ ئىدرىس: كىچىك مۇران مەلىكىسىنىڭ تەبەسسۇمى»، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 10 ـ قانىلىنىڭ خاس زىيارىتى.

7. «قۇملۇق تۇلكىسى — ئىدرىس»، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «پەن ـ تېخنىكا خادىمىنىڭ ھاياتى» پروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن خاس زىيارەت.

8. «كىچىك مۇران قەبرىستانلىقىنىڭ سىرى»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2 ـ قانىلى (ئۇيغۇرچە) «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن.

9. «ئارخېئولوگىيە ئىلمى مۇتەخەسسىسى — ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 2 ـ قانىلى (ئۇيغۇرچە) «ئەنە شۇ يىراق جايدا» پروگراممىسىنىڭ خاس زىيارىتى.

10. «قۇملۇق تۇلكىسى — رىۋايەتتىكىدەك ئىدرىس»، شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسى 4 ـ قانىلى (خەنزۇچە) «ئەنە شۇ يىراق جايدا» پروگراممىسىنىڭ خاس زىيارىتى.

11. «قۇملۇق تۇلكىسى» شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «گۈزەل ئىستەك» پروگراممىسىنىڭ خاس زىيارىتى.

12. «كېرىيە، بىر دەريا ئېقىنىنىڭ خاتىرىسى — تەكلىماكان بوستانلىقلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيەسى ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، فرانسىيە تېلېۋىزىيەسى.

2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي

[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 53 ~ 52 ـ بەتلەر.

ئاپتور (غالىب بارات): چارقىلىق ناھىيە تېلېگراف شىركىتىدە،
ئاپتور (تۇرسۇن مەخمۇت): چەرچەن ناھىيە مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا.

www.uyghurkitap.com



باھارگۈل ئىمىن، ئابلىمىت مۇھەممەد (ماڭلاي)

# «بۇخارا ئۇيقۇسى»مۇ ياكى تارىمنىڭ غەپلىتىمۇ

(ئوتتۇرا ئاسىيا تارىم بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يېقىنقى زاماندىكى دىنىي، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسى ئۈستىدە تەھلىل)

**1. مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ ئىسلام ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورنىغا چىقىشى ۋە خارابلىشىشى.**

موغۇلىستان ۋە ماڭلايسۆيەر رايونلىرىدا، تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىپ ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى مەدەنىيىتى دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە بۇددىزم ئىدېئولوگىيەسى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئىسلامىزم ئىدېئولوگىيەسى پۈتكۈل ماۋرائۇننەھرى ۋە ماڭلايسۆيەر رايونىنى قاپلىغانىدى. غەربىي ياۋروپا بولسا خرىستىيان ۋە كاتولىك دىنى ھۆكۈمرانلىقىدىكى فېئوداللىق ئىدېئولوگىيە ئىجتىمائىي ھالىتىدە تۇراتتى. ئۇلار ئۆتكەنكى ماقالىمىزدا سۆزلىگىنىمىزدەك، ھەدەپ شەرقتىكى جۇڭگو ۋە ھىندىستانلارغا بېرىشنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىدا تۆت ئوكياننىڭ ھەممىسىدە يەلكەن تارتىپ دېڭىزدىن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلسا، قۇرۇقلۇقتىن شەرقتىكى ئىسلام تۈرك دۆلەتلىرى ۋە

دانا ۋە ئاگاھ بولۇڭ

ئىسلام ئەرەپ دۆلەتلىرىگە ئەھلى - سەلىپ يۈرۈشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ مەزگىللەردە ياۋروپا جەمئىيىتى فېئوداللىزمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا قەدەم قويۇپ، يېڭى بۇرژۇئازىيە ئىدېئولوگىيەسى ۋەكىللىكىدىكى كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە كىرىشكە باشلىغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بولسا، يەر شارىنىڭ كۈن چىقىش بىلەن كۈن پېتىش تەرەپلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەرسىز ھالدا تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنى نەچچە خانلىققا بۆلۈپ، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا خان تىكلەپ سەمەرقەنت، بۇخارا، ياركەنت، ھىرات، تاشكەنت، ئالمىلىق، قەشقەر، تۇرپان، ئاقسۇ تەختىگاھلىرىنى تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن ئۇر - چاپ بىلەن ئاۋارە ئىدى. ھەمدە ئىسلامىزم ئىدېئولوگىيەسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان تەپرىقچىلىق ئىجتىمائىي ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، غەربتە بولسا بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيەسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ كۈنسايىن زورىيىپ مۇشۇ تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن تېخىمۇ خەۋەرسىز ئىدى.

ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ماڭلايسۆيەر رايونىدا تۇنجى باش كۆتۈرگەن جەمەت — بۇخارالىق سوپىزمچىلارنىڭ

پىرى جالالىددىن ۋە ئوغلى مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا
بولۇپ، چىڭگىزخان بۇخارانى ئىشغال قىلغاندا ئۇلار قارا-
قۇرۇم تاغلىرى ئېتەكلىرىگە سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇلار لوپ
چۆتەي بازىرىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن جالالىددىن
خوجا بۇ بازارنى پات يېقىندا قۇم بېسىپ كېتىدىغانلىقىغا
ئالدىن بىشارەت بېرىپ ئاقسۇغا كۆچۈپ كېتىدۇ. كۆپ
ئۆتمەي بۇ شەھەرنى دەرۋەقە قۇم بېسىپ كېتىپ، شەيخ
جالالىددىننىڭ ھۆكۈمى دەلىللىنىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ
سۈرلۈك ۋە دانا تۈس قوشۇلۇپ جەمەت نامى ئەۋلىيالار-
دەك پۇر كېتىدۇ.

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا كېيىنكى زامانلاردا تۇغلۇق
تۆمۈرنى ئىسلامغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، پۈتكۈل موگغۇل
ھۆكۈمرانلىرى ئىسلاملىشىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنىڭغا
تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى شەيخۇلئىسلام ۋە ئۇ-
زىنىڭ باش مەسلىھەتچى ئۇستازى دېگەن ئالاھىدە ئۇنۋا-
نىنى بېرىپ، زور ئىمتىيازلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مەۋلانە
ئەرشىددىنمۇ خان جەمەتى نەسەبلىرى ئىچىدىن مۇرىتلىرد-
نى تەربىيەلەش جەريانىدا، نۇرغۇن موگغۇل قەبىلە -
ئۇرۇغ، ۋاڭ - گۇڭلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. مەۋلانە
ئەرشىددىن تۇغلۇق تۆمۈرخانغا مەخسۇس بىر يىل ۋاقىت
ئاجرىتىپ دىنىي تەلىمات بېرىشتىن سىرت، يەنە كۇچادا
«ۋەلىيە» مەدرىسخانىسى قۇرۇپ، خان - جەمەتى ئەزال-
رى ۋە ۋاڭ - گۇڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور بىر
تۈركۈم سوپىزم مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى تەربىيەلەيدۇ. شۇ-
نىڭدەك ئۇلارنى ئاقسۇ، قارا شەھەر، تۇرپان، قەشقەر، يې-
ڭىسار، يەكەنلەرگە ئەۋەتىپ سوپىزم تەلىماتىنى يېتەكچى
ئىدىيە قىلغان مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتى تەسىرىنى
پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر زېمىنىغا كېڭەيتىدۇ. مەۋلانە ئەرشىد-
دىن ۋاپات بولۇپ كۇچاغا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇرۇق-
ئەۋلادلىرى داۋاملىق تۈردە تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ غازات
جەڭلىرىدە ئىنتايىن ئاكتىپ تەشۋىق - تەرغىباتچى ۋە ئىشتى-
راكچىلارغا ئايلىنىپ، خاننىڭ زور ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈ-
رىدۇ. ھەمدە بۇرۇن قولغا كەلتۈرگەن ھوقۇق - ئىمتىيازل-
رىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىپ ئۇنى كۈچەيتىپ ماڭىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن چوڭ ۋە مۇھىم بولغان
ئىمتىياز ھوقۇق — خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇچىنى
تەيىنلەش ۋە ئېتىراپ قىلىش ھوقۇقى ئىدى. خانلىقنىڭ ئەمىر -
ۋەزىرلىرىمۇ مەنسەپكە تەيىنلىنەتتى. بۇ، ھوقۇق - ئىمتىياز-
نى تۇغلۇق تۆمۈرخان ھايات ۋاقتىدا، مەۋلانە ئەرشىددىن
خوجىغا سۇيۇرغال شەكلىدە بەرگەن بولۇپ، ئۇ ۋاپات بو-
لۇشتىن ئىلگىرى ھەرقايسى ئەمىر، شاھزادىلەرنى يىغىپ
ۋەسىيەت قالدۇرۇپ مۇنداق دېگەن: « مەن ئالەمدىن
ئۆتكەندىن كېيىن سىلەر كۇچاغا بېرىڭلار، مەۋلانە ئەر-
شىددىن خوجا سىلەرگە ئەقىل كۆرسەتسۇن، ھەممىڭلار
ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىڭلار، ئوغۇللىرىم ئىچىدە ئۇ كىمنى
كۆرسەتسە شۇ پادىشاھ بولسۇن» [1]. بۇنىڭ بىلەن
ئىلياس خوجىنى ئۆزى كۆرسەتكەندىن سىرت، خىزىر خو-
جىدىن باشلاپ ھەرقايسى خانلارنى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشتا
ئەرشىددىن خوجا جەمەتى بۇ ھوقۇق - ئىمتىيازنى ئىشقا
سېلىشقا باشلىغان. مەسىلەن: ئەمىر خودايداد ئالمىلىقتا
خىزىر خوجىنى تەختكە چىقىرىشتىن بۇرۇن مەۋلانە ئەر-
شىددىن خوجىغا 100 تۇياق ئات، 500 كالا، 1999 تۇياق
قوي، 50 تۆگە ۋە 15 قۇلنى ئېلىپ 32 كىشىلىك ئۆمەك
تەشكىللەپ ئۇنىڭ كۇچادىكى ھۇزۇرىغا سالامغا ۋە ئىجا-
زەت ئېلىشقا بارغان. مەۋلانە ئەرشىددىن خوجىنىڭ «ئېتى-
راپ قىلىشى» بىلەن خىزىر خوجا ئاندىن خانلىق تەختكە
رەسمى ئولتۇرغان.

مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا جەمەتى يۇقىرىقى ھوقۇق-
ىدىن پايدىلىنىشتىن سىرت، يەنە داۋاملىق تۈردە ئوردىد-
ىكى باشقا ۋەزىر - ۋۇزرا، ئەمىر - لەشكەر باشلىقلىرىنى تە-
يىنلەشكە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىل-
ىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلىرىنى كۈچەيتىپ، تېز سۈرئەتتە چا-
غاتاي خانلىقىدىكى مۇھىم بىر ئىجتىمائىي كۈچكە
ئايلىنىدۇ.

چاغاتاي خانلىقىدىكى «شەيخۇلئىسلام ئېتىراپ قىلىش
ھوقۇقى»، گەرچە بىر تۈزۈم ۋە ئۇدۇم سۈپىتىدە تىكلىنىپ
مۇقىملاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەينى مەزگىللەردە ئىسلام
دىنى يۇقىرى تەبىقە كۈچلىرى تېخى دېگەندەك كۈچلۈك
بولمىغانلىقى، دەھرىي ھاكىمىيەت كۈچى يەنىلا مۇستەھكەم
بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ — تۈزۈم شەكلىدىلا داۋاملىشىپ،
ماھىيەت جەھەتتە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇ —
شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى يۇقىرى تەبىقە كۈچلىرىنىڭ سى-
ياسىيغا قول تىقىش، ھەتتا، دەھرىي ھاكىمىيەتلەرنى
كونترول قىلىۋېلىش ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ
زىيىنى كېيىنكى چاغلاردا بارغانسېرى روشەنلىششكە
باشلىدى.

مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئىم-
تىيازلىرىنىڭ يەنە بىرى ئىقتىسادىي جەھەتتە بولۇپ، بۇ جە-

www.uyghurkitap.com



مەتنىڭ ھوشۇر - زاكاتىنىڭ بىر قىسمىنى يىغىۋېلىش ھوقۇقى بار ئىدى. بۇ ئىمتىياز ئۇلارنى زور ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرگەنىدى. مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتى يەنە خانلىق ئىنئام قىلغان ۋەخپە يەرلەر ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىغا (خانئېرىق ۋە سۇلتان ئېرىق) ۋە مۇرىتلار سوۋغا قىلغان مال - مۈلۈكلەرگە ئىگە بولاتتى. ئۇلارغا ھەدىيە قىلىنغان تېرىلغۇ يەر، باغ - ۋارانلار كۈچا، ئاقسۇ، تۇرپانلارغىچە كېڭەيگەن بولۇپ، بۇ خىل مىراس زېمىنلاردا ئەرشىددىن جەمەتىنىڭ قورۇقلىرى بار ئىدى، ئۇ يەرلەردە خانلىق ھەدىيە قىلغان يانچىلار دېھقانچىلىق قىلاتتى. مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتى يەنە، ئايكۆلدىكى ئەۋلىيا جالالىددىن مازىرىنى مۇھاپىزەت قىلىمىز، دېگەن باھانىدە ئاقسۇدىن كۇچاغا 500 دېھقاننى كۆچۈرۈپ كېتىپ ناھايىتى چوڭ ۋە كاتتا قورۇقنى سالغۇزغان، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن دېھقانلارمۇ بارا - بارا يانچىلارغا ئايلانغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۇچادىكى ياقا ئېرىق ئۆستىڭى، ئۆيكەك داۋاچى ئۆستىڭى ۋە تۇرپاندىكى ئۆستەڭ جاي ئۆستىڭى قاتارلىقلارنىڭ ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتىنىڭ ۋەخپە زېمىنلىرى ئىدى. ئۇلار يەنە ھەرقايسى چوڭ خانىقا - مەدرىس، مەسچىتلەردە ئاۋام ئىئانە قىلغان ۋەخپە يەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىپ، ئۇ يەرلەرنى قايتىدىن پۇقرالارغا ئىجارىگە بېرىپ زور دەرىجىدە پايدا ئۇندۇرۇۋالغان، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ۋە سودا جازانخورلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دېھقانچىلىق ۋە سودا ئىشلىرىدا ھېسابسىز بايلىق توپلاپ، چاغاتاي خانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ فېئودال دىنىي تەبىقىگە ئايلانغانىدى. [2]

مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتىنىڭ دىنىي تەسىرىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمۇ ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي قارا نىيىتى ۋە ھوقۇققا بولغان نەپسى يوغىناشقا باشلىدى. ئۇلار بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شەكىلدىكى سىياسىي ئىمتىيازغا قانائەت ھاسىل قىلماي، ئۇنى دەھرىي ھاكىمىيەت كۈچىگە نىسبەتەن ئەمەلىي كونترول قىلىش ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن «شەيخۇلئىسلام ئېتىراپ قىلىش» ئۇدۇمى ۋە ۋەزىرلەرنى كۆرسىتىش ئالاھىدە ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، يات كۈچلەرگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى چەتكە قېقىپ، ئۆز كۈچلىرىنى يېتىشتۈردى. شۇنىڭدەك سەلتەنەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپ قول تىقىپ ئۇنىڭغا ئارىلاشتى. مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتىدىن بولغان غەپۇر بىننى پەخرىدىن خوجا، سۇلتان ئۇۋەيسخاننى [3] ئېتىراپ قىلىپ خانلىق تەختكە ۋارىس قىلدۇ. ئەمما، كېيىنچە سۇلتان ئۇۋەيسخان ئۇنىڭ سەنەمگە ئۇسسۇل ئوينىمىغانلىقتىن، ئۇنى تەختتىن مەجبۇرىي چۈشۈرۈپ، سۇلتان ئۇۋەيسخان بىلەن تەخت تالىشىۋاتقان شىر مۇھەممەتنى خان قىلىپ تىكلەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا جەمەتى سەلتەنەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ قول تىقىپ سىياسىي قارا نىيىتىنى بارغانسېرى ئاشكارىلايدۇ ھەمدە ئۆزلىرى بىلەن دەھرىي ھۆكۈمران گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئەينى دەۋرلەردە مەۋلانە ئەرشىددىن خوجا ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام دىنى يۇقىرى تەبىقە كۈچلىرى دەھرىي ھۆكۈمران گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ پەرقىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، خوجىلار جەمەتى بىلەن ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتى مەغلۇپ بولىدۇ. سۇلتان ئۇۋەيسخان سەلتەنەت تىزگىنىنى قايتا قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارالىق نەقشبەندىيە سۇلۇكىنىڭ داھىي موللىسى مەھمۇد كاسانىنى شەيخۇلئىسلام ۋە باش مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلدۇ ھەمدە ئەرشىددىن خوجا جەمەتىنى ئېتىباردىن قالدۇرىدۇ. سۇلتان ئۇۋەيسخاندىن كېيىنكى پادىشاھ - سۇلتانلارمۇ داۋاملىق تۇردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن دىنىي ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ، ئەرشىددىن خوجا جەمەتىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا باشلايدۇ. دەھرىي ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشىدىن مەھرۇم بولغان بۇ كونا جەمەت، كۈچادىكى قەدىمىي مازالىقىدا زاۋال چىرىقىنى يېقىپ، بارسا كەلمەس مەنزىلىگە قاراپ يول ئالىدۇ.

**2. يەكەن خانلىقىدىكى «پىر - ئۇستاز تۇتۇش تۈزۈمى» ۋە خوجىلار جەمەتىنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈشى**

1514 - يىلى چاغاتاي خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى سەئىدى ئەھمەتخان [4] يەكەن خانلىقىنى تىكلىدى. ئۇلار يەكەننى پايتەخت قىلىپ سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرى 160 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، شەرقىي چاغاتاي تۆمۈرىيلەر خانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، بولۇپمۇ سۇلتان ئۇۋەيسخان، سۇلتان يۇنۇسخان، ئىشان بۇقاخان، مىرزا ئابابەكرىخان، شەيبانىخان، پادىشاھ شاھرۇھ، پادىشاھ ئۇلۇغبەگ، پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا، سۇلتان مەھمۇدخان، شەيخ ئەھمەتخان، بابۇر پادىشاھ، پادىشاھ ھۇمايۇن ۋە

ىمپىراتۇر ئەكبەر ۋە سۇلتان سەئىدىخان دەۋرلىرىدە
ۇتكۇل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان رايونلىرى، زېمىن
كېڭەيتىش ۋە تەخت تالىشىش ھەلەكچىلىكىدە تەرىققچىلىك
ۇرۇشى پاتقاققا پېتىپ قالغان، پۈتكۈل دۆلەت ۋە سەلتە
ەتىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى، سىياسەت ـ كۈچى، ھاكىمىيەت
الىشىش ئىشلىرىغا مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، تاشقى
دۇنيادىن خەۋەرسىز ھالدا قۇدرەتتى ئالەمگە مەشھۇر قەدىم
كى سەلتەنەتلىرىنىڭ شېرىن چۈشىنى كۆرۈپ، يەنىلا
ەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلىقتىن قۇدرەتلىك شەرقىي غەربىي
چاغاتاي خانلىقى بارا ـ بارا ئاجىزلىششقا قاراپ يۈزلەنگە
ىدى. پادىشاھ شاھرۇھ، سۇلتان ئۇلۇغبەگ، سۇلتان يۇ
ۇسخان، پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارا، پادىشاھ بابۇر ۋە
سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان دەۋرلىرىدىكى
ەن ـ مەدەنىيەتنىڭ بىر دەۋر تازا گۈللەپ ـ ياشنىغىنى
ېسابقا ئالمىغاندا، تارىم دەريا ۋادىسى ۋە ماۋەرائۇننەھر
ۇپرىقىدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە 400 ـ 500 يىل ئىزچىل
ھالدا ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگىنى يەنىلا سوپىزم سۇلۇك تەل
ماتى بولدى. بەلكى ئۇلار يۇقىرىقى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
ارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. ھەرقايسى تەرىققچى خانلىق
سۇلتانلىقلارمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە
قىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس كىرگۈزۈش ئۈچۈن،
ەممىسى دېگۈدەك شەيخۇلئىسلام تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى
ى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ كاتتا نەسەپ ۋە سۈر
ەيۋىسىگە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرى
شاتتى. بۇ ـــ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر خىل رەسمىيەت ۋە
ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانغانىدى. بۇ جەھەتتە يۇقىرىدا
خان ـ سۇلتانلاردىن تۆۋەندە قەبىلە ئاقساقاللىرىغا قەدەر
ەممىسى دېگۈدەك سوپىزم سۇلۇكى ـ ئىشانلىرىنى ئۆزل
رىگە ئۇستاز تۇتمىغانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. يۇقىرىقى
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، يەكەن خانلىقى قۇرۇلۇپ
لا، «شەيخۇلئىسلام تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى» قانۇن ـ
ۈزۈم سۈپىتىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. دېمەك، بۇ بىز
ايان قىلماقچى بولغان «شەيخۇلئىسلام» دىنىي تۈزۈمى
ىدى.

بۇ ئۇدۇم ـــ ئەسلىدە سوپىزملار سۇلۇكىدىكى پىر ـ
ئۇستازلىرى بىلەن مۇرىت، مۇخلىسلار ئوتتۇرىسىدىكى
ەلىم ئېلىش ۋە سىر ـ ھېكمەت قوبۇل قىلىش قائىدە ـ قانۇن [5]
ولۇپ، يەكەن خانلىقىنىڭ بۇ ئۇدۇمنى يولغا قويۇشى ھەر
گىزمۇ ئۇنى ئۆگىنىش بولماستىن، بەلكى سوپىزم كۈچلۈك

تەرەققىي قىلغان ماۋەرائۇننەھر زېمىنىدا، پەيغەمبەر ئەۋلادى
دەپ ئاتالغان داڭلىق سوپى ئىشانلارنىڭ ئابرۇيى ـ نوپۇزى
دىن پايدىلىنىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئىدى.
ھالبۇكى، بۇ سوپا ـ ئىشانلار ھەرقايسى سوپىزم مەزھەپ ـ
سۇلۇكلىرىنىڭ داڭلىق پىر ـ ئۇستازلىرى بولۇپ، خان ئور
دىسىمۇ دەل ئاشۇنداق نوپۇز ـ ئىناۋىتى ئىنتايىن يۇقىرى
دىنىي ئۇستازلارنى ۋە خوجىلارنى ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتۇ
شاتتى. مىلادىيە 1533 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان ھىندىس
تانغا بولغان ھەربىي يۈرۈشتە، زەخمە يەپ، يول ئۈستىدە
ۋاپات بولدۇ. تەخت ۋارىسى بولغان ئابدۇرەشىتخان،
دىنىي پىر ـ ئۇستاز تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىگە بىنائەن،
سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مازىرىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ
ئىستىقامەت قىلىۋاتقان، ئوتتۇرا ئاسىيالىق سوپىزم مەزھىپى
نىڭ زاھىتى خوجا مۇھەممەد شېرىپنى دىنىي ئۇستاز
قىلدى. بۇ كىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەيلان دېگەن يېرى
دىن بولۇپ، تاجىك ئىدى. ئۇ خوجا ئەۋلادى بولۇشتەك
سالاھىيىتىگە تايىنىپ، كىچىكىدىنلا ئائىلىسىنىڭ تەربىيەسىدە
داڭلىق يەسەۋىيچىلەر مەدرىسەسىدە بىلىم تەھسىل قىلىپ،
سوپىزم كىلاسسىكلىرى ۋە تەسەۋۋۇپ نەزەرىيەلىرىنى ئۆ
گەنگەن. كۆپ يىللىق جاپالىق ئۆگىنىش نەتىجىسىدە،
«تەقۋادار يەسەۋىيچى سوپى»غا ئايلىنىپ، ئۇستازىنىڭ ئې
تىراپ قىلىشىغا ۋە دىنىي ئۆمەك تەشكىللەپ، مۇرىت،
مۇخلىس قوبۇل قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ ئوتتۇ
را ئاسىيادىكى بىر نەچچە ئون يىللىق دىنىي پائالىيەت ھا
ياتىدا، ھېچقانداق نەتىجە يارىتالماي ئۆز دىنىي ئۆمىكىنى
تەشكىللەش ئىمكانىيىتىنى يارىتالمىغان. بۇ ۋەجىدىن ئۇ،
ئوتتۇرا ئاسىيادىن ماۋەرائۇننەھر زېمىنىدىكى سۇلتان
سۇتۇق بوغراخاننىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن،
ئاتۇش ئەتراپىغا كەلگەن. خوجا مۇھەممەد شېرىپ كۆپ
ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئاللىبۇرۇن ئۇن
تۇلۇپ كەتكەن سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى تېپىپ
چىققان، كېيىنكى چاغلاردا «مازار خوجامنىڭ سىر ـ مەخپى
يىتىنى ئۆزى بىلمەي ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ھېس
قىلىپ» بۇ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەككىگە ھەج قىلىشقا
كەتكەن. ئۇ كىشى ھەجدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن دا
ۋاملىق تۆردە سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مارىزىدا ئىستىقا
مەتتە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ھەر تەرەپكە قاتى
راپ غەيرىي يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى
ھەمدە ئاجايىپ ـ غارايىپ گەپ سۆزلىرى بىلەن ھەر خىل

uyghurkitap.com



كارامەت ۋە مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ خەلقى - ئالەمنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، تەسىرىنى كېڭەيتكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە، نام - ئاتىقى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان خوجا مۇھەممەد شېرىپخان، ئەمدىلا خانلىق تاجىنى كىيگەن ئابدۇرەشىتخان بىلەن «تۇساتتىن ئۇچرىشىپ قېلىپ» ئاجايىپ مۆجىزە - كارامىتى بىلەن ئابدۇرەشىتخاننى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ ئەقلىنى لال قىلىدۇ. سۇلتان ئابدۇرەشىتخانمۇ ئوردىدىكى بارلىق ئەمىر - ۋەزىرلىرىنى باشلاپ، ئۇنى كاتتا مۇراسىم بىلەن ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ دىنىي ئۇستازى قىلىپ بېكىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يەكەن خانلىقىدىكى بارلىق ئەمىر - ۋەزىر، ھاكىمبەگ، زەردارلاردىن تارتىپ تاكى ئاۋام - پۇقراغىچە خوجا مۇھەممەد شېرىپخاننىڭ مۇرىتلىرىغا ئايلىنىدۇ. بۇ زاتمۇ، مەۋلانە ئەرشىددىن خوجامغا ئوخشاش خانلىق تېررىتورىيەسىدە نۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇق - ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

خوجا مۇھەممەد شېرىپخان، يەكەن خانلىقىدا دىنىي ئۇستاز بولغاندىن كېيىن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا يېنىپ كېلىپ يەتتە يىللىق ئىستىقامەت ھاياتىنى باشلايدۇ، بۇ مەزگىللەردە ئابدۇرەشىتخان داۋاملىق تۈردە ئاتۇشقا كېلىپ ئۇستازىنى يوقلىغاچ ئۇنىڭدىن سەلتەنەت ئىشلىرى ھەققىدە مەسلىھەت ئېلىپ تۇرغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇرەشىتخان ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ، خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ مەسلىھەتسىز يول تۇتمايدىكەن. خوجا مۇھەممەد شېرىپخان ئۆزىنىڭ خاننىڭ ئۇستازى بولۇش ۋە خوجامار ئەۋلادى بولۇشتەك پەۋقۇلئاددە سالاھىيىتى ۋە زور سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پۈتكۈل خانلىقتا سوپىزم تەلىماتىنى كەڭ كۆلەمدە تەرغىپ قىلىپ، ئۆز داھىيلىقىدىكى «ئۇۋەيسى دىنىي ئۆمىكىنى تەشكىللەپ، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق مۇھىم رايونلاردا ئۆزلىرىنىڭ «خانىقا»لىرىنى قۇرۇپ، مۇرىت ۋە تالىپلارنى تەربىيەلىگەن. بۇ خانىقالارغا خوجا مۇھەممەد شېرىپخان ئۆزى تەيىنلىگەن خەلىپە ياكى خاتىپ ئاخۇنۇملار ئىماملىق قىلغان. ئۇلار مەزكۇر دىنىي ئۆمەكنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشتىن سىرت، يەنە كەڭ - كۆلەمدە مۇرىت - مۇخلىس تەربىيەلەپ، ئۇۋەيسىلەر مەزھىپىنىڭ سوپىزم تەلىماتىنى ۋە كامالىددىن تەلىماتلىرىنى ئۆگىتىپ، تايانچ كۈچ تەربىيەلەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇۋەيسىلەر دىنىي ئۆمىكى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي تېپىپ، ئۇزاق ئۆتمەي يەكەن خانلىقىدىكى ئاساسلىق سوپىزم دىنىي ئۆمىكىگە ئايلاندى.

خوجا مۇھەممەد شېرىپخان جەمەتى يەنە ھەر خىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، زور كۆلەمدە مال - دۇنيا يىغقان. ئۇلارنىڭ يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇنلىغان ۋەخپە يەرلىرى ۋە مەسچىت - خانىقالىرى بولغان. «مۇھەممەد شېرىپ خوجا تەزكىرىسى»دە خاتىرلىنىشىچە، سۇلتان ئابدۇرەشىتخان بىرلا قاغىلىقنىڭ ئۆزىدىلا بۇ جەمەتكە، بىر خانىقا ۋە ئون نەپەر قۇل، 60 پاتمان ۋەخپە زېمىن ئاتا قىلغانىكەن. ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، مۇھەممەد شېرىپ خوجا جەمەتى يەكەن خانلىقىدا مۇھىم بىر سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلىنىپ، مەۋلانە خوجا ئەرشىددىن جەمەتىدىن قالسا ماكالايسۈيەر زېمىنىدا باش كۆتۈرگەن 2 - چوڭ خوجىلار جەمەتى بولۇپ قالغان. مۇھەممەد شېرىپخان يەكەندە ئون يىلدەك ياشاپ، 1565 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋارىسى گەرچە سۇلتانلىق تەرەپىدىن شەيخۇلئىسلام قىلىپ تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئانچە بەك چوڭ ئىش تەۋرىتەلمىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە مەخدۇم ئەزەم جەمەتىنىڭ ماكالايسۈيەردە باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، خوجا مۇھەممەد شېرىپخان جەمەتى تەدرىجىي يوسۇندا سىياسىي سەھنىدىن چېكىنىشكە باشلىدى.

مەخدۇم ئەزەم خوجامنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەھمەد كاسانى بولۇپ، دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ياش ۋاقتىدا، تاشكەنتتىكى مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ نەقشىبەندىيە دىنىي ئۆمىكىگە كىرگەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ نەقشىبەندىيەچىلەرنىڭ داھىي مەۋلىسى مەھمۇد قازى بىننىنىڭ شاگىرتى سالاھىيىتى بىلەن ئۇستازىنىڭ ئورنىغا چىققان ۋە دىنىي داھىيغا ئايلانغان، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەقشىبەندىيە سۇلۇك مەزھىپى تېز سۈرئەتتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ سوپىزم تەلىماتى مەزھىپىدىكى تەشكىلاتقا ئايلانغان. ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سەلتەنەتنىڭ يۇقىرى قاتلام تەبىقىسىگە سىڭدىلىپ كىرىپ، ئۆز زامانىنىڭ داڭلىق سوپىزم ئىلاھىيەتچىلىكى ئىلمىنىڭ دانىشمەنلىرىگە ئايلىنىپ نوپۇز - ئابرۇيى ناھايىتى كۈچلۈك شەخسكە ئايلانغان. مەۋلانە ئەرشىددىن جەمەتى ۋە خوجا مۇھەممەد شېرىپخان جەمەتىنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى روناق تېپىپ گۈللىنىشى، ئۇنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى. شۇڭا ئۇ،

شەخسەن ئۆزى يەكەن خانلىقىغا كېلىپ، نەقشىبەندىچىلەر تەلىماتىنى بۇ ئالتۇن زېمىنغا كېڭەيتمەكچى بولدى. سۇلتان ئابدۇرەشىتخانمۇ شەخسەن ئۆزى بۇ زاتنىڭ ئالدىغا چىقىپ، كاتتا ھۆرمەتنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭدەك، مەخدۇم ئەزەمنى ئوردىنىڭ باش مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپ، ناھايىتى چوڭ زېمىن - يەرنى ئىنئام قىلدۇ. ئەمما ئەينى چاغلاردا خوجا مۇھەممەد شېرىپخان جەمەتى يەكەن خانلىقىدا مىسلىسىز گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىنى دەسسىشى ناھايىتى مۇشكۇل بولغانلىقى سەۋەبىدىن، بىر بۆلۈم مۇرىت، مۇخلىسلارنى تەربىيەلەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەمدە سۇلتان سۇتۇق بوغراخاننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بىر قىزنى ئەمرىگە ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كېتىدۇ.

مەخدۇم ئەزەم ھەزرەتلىرى گەرچە يەكەن خانلىقىدا زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە خانلىق سەلتەنەتنى ئۇيان - بۇيان قىلىش ۋە ئۇزاق مۇددەت زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىشى ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساسلارنى سېلىپ كەتكەنىدى.

1559 - يىلى ئابدۇرەشىتخان ۋاپات بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئوردا ئىچىدە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى خانلىق تەختىنى تالىشىپ ئىچكى نىزاغا چۈشۈپ كەتتى. ھەمدە ھەر قايسى خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈشەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن يەكەن خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ماتېرىيال ۋە مەنىۋى جەھەتلەردە بىر تەرەپتىن ھەدەپ دىنىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تالاشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەھرىي ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ سەلتەنەت تالىشىش جەڭگە - جېدەللىرىگە بېشچىلاپ كىرىپ كەتتى. نەتىجىدە، پۈتكۈل يەكەن سەئىدىيە خانلىقى 1560 - يىلىدىن تاكى 1754 - يىلىغىچە بولغان 300 يىلدىن ئارتۇق خانلىق تەختىنى تالىشىش ۋە دىنىي مەزھەپ كۈرىشى پاجىئەسىگە پېتىپ قېلىپ 500 يىللىق مەدەنىيەت شامى ئۆچۈشكە باشلاپ، بۇنىڭ بىلەن تۆمۈرىيلەر ئەۋلادلىرىنىڭ سەلتەنەت قۇياشىمۇ ئاستا - ئاستا غەربكە پېتىشقا باشلىدى.

ئەسلىي تېمىغا قايتساق، مەخدۇم ئەزەمنىڭ يەكەن خانلىقىغا يېتىپ كەلگەن ئەۋلادلىرى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار: ئىشان كالان مەزھىپى، دوست مۇھەممەد مەزھىپى ۋە ئىسھاقىيە مەزھىپىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن خانلىقىغا ئەڭ بۇرۇن كەلگىنى ئىسھاقىيە مەزھىپى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بوۋىسى، خوجا مۇھەممەد ئىسھاق ئىدى. ئۇ — مەخدۇم ئەزەم قەشقەردە ئەمرىگە ئالغان سۇتۇق بوغراخاننىڭ نەسلىدىن بولغان خاتۇندىن تۇغۇلغان زات ھېسابلىنىدۇ.

مەخدۇم ئەزەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئېتىباردىن قالغان مۇھەممەد خوجا ئىسھاق، ئاكىسى ئىشان كالان بىلەن بولغان ئاتا مىراس نەقشىبەندىيە دىنىي ئۆمىكىنىڭ داھىيلىقىنى تالىشىش كۈرىشىدە مەغلۇپ بولۇپ، ئافغانىستان، ئىرانلاردا سەرسانلىقتا يۈرۈپ سۇلۇك تارقىتىپ، مەزھەپ شەكىللەندۈردى. ئۇ — ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇپ، نەقشىبەندىيەچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى دەۋاسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوپىزىم تەلىماتى ئىلاھىيەتچىلىكى نوپۇزلۇقلىرىنىڭ ئەيىبلەشىگە ئۇچراپ، ئەينى دەۋرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن چېگرادىن قوغلانغانىدى. مۇھەممەد خوجا ئىسھاق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دەشتى دالالىرىدا تېڭىرقاپ يۈرگەن چاغلاردا يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇل كەرىمخاننىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ نجادلىق يولى ئىزدەپ يەكەنگە قاراپ يول ئالدۇ. مۇھەممەد خوجا ئىسھاق يەكەنگە كېلىپ خان ئوردىسىدا ئۆزىنىڭ كاتتا نەسەپ ۋە ئۇلۇغ ئەرباپلىقىنى پەش قىلغانلىقى ۋە سۇلتان ئابدۇل كەرىمخانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن يۈز كۆرۈشۈشتىلا تومشۇقىغا يەپ پەگاغا چۈشۈپ قالدۇ. ئۇ بىر مەزگىل ئاۋام — رەئىيەت ئارىسىدا سۇلۇك تارقىتىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىر مۇھەممەد شېرىپخان خوجامنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ خانغا چېقىشى بىلەن دۆلەت چېگراسىدىن يەنە قوغلىنىدۇ. جارلاسنىڭ «سالنامە»سىدە خاتىرلىنىشىچە: خوجا ئىسھاقنىڭ چېگرادىن قوغلىنىشىغا ۋە ئابدۇل كەرىمخان بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشىغا، ئۇنىڭ قەشقەرگە كېلىپلا خانلىق تەختكە خىرىس قىلماقچى بولغانلىقى، ئابدۇل كەرىمخاننىڭ قەشقەردىكى ئىنىسى مۇھەممەد باباخان بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەمدە ئۇنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «كۆزلىگەن مەقسەت - نىشانغا يېرەلىلىك مېڭىشنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ مۇراد - مەقسىدىگە يەتكۈزىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنلىكى ئاساسىي سەۋەب بولغان. [6] دېمەك، خوجا مۇھەممەد ئىسھاق يەكەندىكى خان ئوردىسىدا تۇرۇپ قەشقەرگە قۇيرۇق شىپاڭلاتقانلىقى ئۈچۈن يەكەن خانلىقىدا

www.uyghurkitap.com



ھۆرمەت، ئىلتىپاتتىن قالغان. خوجا ئىسھاق يەكەندە خانلىق داستىخىنىدىن ئورۇن ئالالمىغاندىن كېيىن، خوتەندە سۇلۇك تارقىتىپ، مۇرىت توپلىدى. سۇلتان ئابدۇل كەرىمخاننىڭ ئىنىسى خوتەننىڭ ھۆكۇمرانى سۇلتان قىلىچخان، گەرچە خوجا ئىسھاققا قول بېرىپ مۇرىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما خوجا ئىسھاق ئەۋلىيالىق كارامىتى بىلەن مۆجىزە كۆرسىتىپ سۇلتاننىڭ خاتۇنىنى ئۆلۈمدىن قوتۇلدۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن قىلىچخاننىڭ ئىشەنچ ـ ھۆرمىتىدىن قېلىپ، نەپرەت ـ ئاھانەت ئىچىدە ئاقسۇغا كېلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە قەشقەردىكى مۇھەممەد باباخان ئاقسۇغا ھۆكۇمدار بولغانىدى. ئۇنىڭ قوللىشى بىلەن خوجا ئىسھاق ئاقسۇ، كۇچا، قارا شەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا خانىقا قۇرۇپ كۆپلەپ تالىپ تەربىيەلەپ مۇرىت، شاگىرتلىرىنى بۇ جايلاردا كەڭ كۆلەمدە سۇلۇك تارقىتىشقا يېتەكلىدى ۋە مۇرىت، مۇخلىس توپلىدى. سالنامىدە خاتىرىلىنىشىچە: ئۇ قازاق دالاسىغا بېرىپمۇ ئىسلام ئېچىش بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن ئاھالىنى مۇسۇلمان قىلغان. [7] خوجا ئىسھاق گەرچە ماڭلايسۆيەردە ئون يىلدىن ئارتۇق سۇلۇك تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ مۇرىت، مۇخلىسلىرىنى ۋە دىنىي ئۆمەكلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئابرۇيى، تەسىرى ئاقسۇ، كۇچادىلا چەكلىنىپ قېلىپ، يەكەن خانلىقىنىڭ شەيخۇلئىسلاملىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشەلمىدى. بەلكى مەۋلانە ئەرشىدىن جەمەتى ۋە مۇھەممەد شېرىپخان خوجا ئەۋلاد ـ جەمەتلىرىنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى ئالالمىدى. خوجا ئىسھاق 1591 ـ يىلى ئۆزىنىڭ 64 نەپەر خەلىپىسىنى تەيىنلىگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي سۇلتان ئابدۇل كەرىمخان ۋاپات بولۇپ، بابا مۇھەممەدخان خانلىق تەختكە چىقىپ ئۆزىنىڭ خوجا ئىسھاققا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەپ: «بۇ ئەرزىمەس كاللامنى بۈيۈك ئۇستازىمغا تەقدىم قىلىشقا ھەرقاچان تەييارمەن» دېگەن. خوجا ئىسھاقمۇ سۇلتان بابا مۇھەممەدخاننىڭ «ئادالەتپانە، ئۇلۇغ ۋاپا ئەھلى» پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى، يەكەن شەھىرىستانىغا قايتالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۆزرە سوراپ، كەنجى ئوغلى خوجا سادىقنى ئۆزىنىڭ يەكەندىكى ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن سەمەرقەنتتە ھايات شامىنى ئۆچۈرۈپ ئۇ دۇنياغا يول ئالىدۇ.

خوجا سادىقنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد يەھياخان بولۇپ، دادىسى تەرىپىدىن يەكەندىكى ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەنگەندە تېخى ئەمدى ئىككى ياشتىن ئاشقان نارەسىدە ئىدى. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەندە خوجا ئىسھاقخان ئۇنى ئالدىراپ ـ تېنەپ يەكەن خانلىقىغا يولغا سالدى. مۇھەممەد يەھياخاننى خوجا ئىسھاقنىڭ ماڭلايسۆيەر زېمىنىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى شۈكۈر خەلىپە ھەمراھ بولۇپ ئاستانە يەكەنگە ئەكەلدى. ئۇلار يەكەن شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا بابا مۇھەممەدخان ئوردىدىكى يۈزلىگەن ۋەزىر ـ لەشكىري ئەمىرلەرنى باشلاپ نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ مۇھەممەد يەھياخاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بويىنىغا سېلىپ ئۆزى پىيادە مېڭىپ ئۇنى ئوردىغا باشلاپ كىردى ھەمدە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز زىياپەت ۋە باراۋەت ئۆتكۈزۈپ، داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى، ئوردىدىن ناھايىتى چوڭ كاتتا قەسرىنى ئاجرىتىپ ئۇنىڭغا ھۇجرا تۇتۇپ بەردى. [8]

مۇھەممەد يەھياخان خوجا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوردىدا تۇرۇپ قالدى. سۇلتان بابا مۇھەممەدخان شەخسەن ئۆزى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ۋە ئۇنى تەربىيەلەشكە مەسئۇل بولدى، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى شۈكۈر خەلىپە كىچىك يەھياخانغا ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ بەردى. دېمەك ـــ سۇلتان بابا مۇھەممەدخان بىلەن شۈكۈر خەلىپە ئىسھاقىيە خوجىلار كۈچىنىڭ يەكەن خانلىقىدا باش كۆتۈرۈشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغۇچى ئىككى شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى بولۇش سۈپىتى بىلەن بابا مۇھەممەدخاننىڭ بۇ جەھەتتىكى ئوينىغان رولىنىڭ تېخىمۇ زور ئىكەنلىكىدە ئەلۋەتتە گەپ يوق.

شۈكۈر خەلىپە بولسا خوجا مۇھەممەد ئىسھاق ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇۋاتقان مەزگىللەردىلا قوبۇل قىلغان ئەڭ سادىق شاگىرتى بولۇپ، ھەم مالىيى ھەم ياردەمچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈپ، دىنىي پائالىيەتلىرىدە يارامىلىق ئادەمگە ئايلانغان ۋە ئىسھاق خوجىنىڭ ياخشى تەرىپى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئىسھاق خوجا ماڭلايسۆيەردە تەيىنلىگەن 64 خەلىپىسى ئىچىدە شۈكۈر خەلىپە گەرچە قەشقەرنىڭ خەلىپىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەمەلىيەتتە يەكەن خانلىقى تەۋەلىكىدىكى خوجا ئىسھاقنىڭ ۋەكىلى ئىدى. [9] خوجا ئىسھاق ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ، ئىسھاقىيە مەزھىپى دىنىي ئۆمىكىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، سۇلتان بابا مۇھەممەدخان بىلەن غوجا ئىسھاق ئوتتۇرىسىدا خەت ـ ئالاقىدە بولۇپ، يەكەن بىلەن سەمەرقەنت ئوت-

تۇرىسدا باپكانىڭ موكسىدەك قاتناپ يۈرەتتى. خوجا مۇھەممەد يەھياخان يەكەن خانلىقىغا يېتىپ كەلگەن چاغلاردا، تېخى گۆدەك بالا بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇكۇر خەلپە داۋاملىق تۇردە دىنىي ئىشلارنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئىگىلەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ھوقۇق ـ ئىمتىيازى ئىنتايىن چوڭ شەخسكە ئايلاندى. مۇھەممەد يەھياخان بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشىدىكى ئەڭ چوڭ پۇتلىكاشاڭ دەپ چۈشەندى. نەتىجىدە ماڭلايسۆيەرنىڭ توپا بورانلىق پەسىللىرىنىڭ مەلۇم بىر كېچىسىدە، شۇكۇر خەلپە ۋە مۇھەممەد يەھياخانغا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىققان بىر قانچە خەلپەلەر قوشۇلۇپ ئاخىرەت زىياپىتىگە داخىل بولۇپ يەكەن خانلىقى بىلەن ئەبەدىي خوشلاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇھەممەد يەھياخان خوجا ئىسھاقىيە سۇلۇك مەزھىپىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ بۇ مەزھەپنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق كاتتىبېشىغا ئايلاندى. سۇلتان بابا مۇھەممەدخان ۋاپات بولغاندا، مۇھەممەد يەھياخان خوجا ئەمدىلا 21 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. ئىنتايىن كەسكىن بولغان ئوردا ئىچكى زىددىيىتىدە، ئۇ سۇلتان بابا مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى غىياسىدىن ئەھمەدخاننى خانلىق تەختكە ئۆز قولى بىلەن يۆلەپ چىقاردى. ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئىچىدىكى ئورنىنى ۋە نوپۇزىنى تىكلىدى. سۇلتان ئەھمەدخان ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىللەرگە كەلگەندە، خانلىقنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئىسيان تۈتەكلىرى قاپلاپ، سەلتەنەت تەختىگە ئوت تۇتىشىشقا باشلىغانىدى. 1619 ـ يىلى سۇلتان غىياسىدىن ئەھمەدخان ئىسيانچى ئەمىرلەر تەرىپىدىن قەتل قىلىندى. ئىسيانچىلار سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، سۇلتان قىلىچخاننى خان قىلىپ تىكلىدى.

مۇھەممەد يەھياخان خوجا بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشكە دەرھال قارشى چىقتى ھەمدە شەخسەن ئۆزى قەشقەرگە كېلىپ، ئۇ يەردىكى ئەمىرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۆلتۈرۈلگەن سۇلتان غىياسىدىن ئەھمەدخاننىڭ كەنجى ئوغلى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇل لەتىپخاننى (يەنە بىر ئاتىلىشى ئاپپاقخان ــ ت) خان قىلىپ تىكلەپ، يەكەنگە لەشكەر تارتتى. ھەمدە سۇلتان قىلىچخاننى سىياسەت تېغىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالا ـ توپىلاڭنى تىنچىتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ خوجا مۇھەممەد يەھياخان ئۆزى بىر قوللۇق سەلتەنەت ئىشلىرىغا قول تىقىپ كەلدى.

يەكەن خانلىقىدا يېڭى تىكلەنگەن ئابدۇل لېتىپخان (ئاپپاقخان) كۆپ ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا خوجا مۇھەممەد يەھياخان يۆلەپ چىقارغان سۇلتان ئەھمەدخان قەشقەردىكى مەھمۇدخان تەرىپىدىن تەختتىن غۇلىتىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا خوجىلار جەمەتىنىڭ مەنپەئىتىگە تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، خوجا مۇھەممەد يەھياخان كېچە قاراڭغۇسىدىكى يوشۇرۇن قەتل قىلىشنى ئۆزى پىلانلاپ، سۇلتان مەھمۇدخاننى ئۆلتۈرۈپ، سۇلتان ئەھمەدخاننى خانلىق تەختكە قايتىدىن يۆلەپ چىقاردى. [10] پەلەك چاقىنىڭ تەتۈر چۆرگىلىشى بىلەن خوجا مۇھەممەد يەھياخاننىڭ نىيەت ئىقبالى تۇرپاندىكى ئابدۇللاخان ئۈستىگە مەركەزلىشىپ، ئۇنىڭ خانلىق تەختىگە خىرىس قىلىپ تارتتۇۋېلىشنى قوللىدى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن ۋەزىر ـ ئەمىرلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز ئۆرۈشتى. يار ـ يۆلەكسىز قالغان سۇلتان ئەھمەدخان خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەن ئاسمىنىدا ياڭرىغان خۇپتەن ئەزەنلىرى ئىچىدە ھىجران ۋە نادامەت يۈكىنى ئارتىپ بەلىخكە يول ئالدى.

بۇنىڭ بىلەن خوجا مۇھەممەد يەھياخان يەكەن خانلىقىنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بىر قانچە خان سۇلتانلىرىنىڭ تەخت ئالماشىشىنى ئۆز قولى بىلەن پىلانلاپ، ئەڭ ئاخىرى يەكەن خانلىقى تەختگاھىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىتخاننىڭ 5 ـ ئوغلى بابا مۇھەممەدخان ئەۋلادلىرىدىن كەنجى ئوغلى ئابدۇللا ھاشىمخان ئەۋلادلىرىغا يۆتكىلىشىنى تاماملىدى. بۇ قاباھەتلىك تەخت تالىشىش جەڭگە ـ جېدەللىرى جەريانىدا خوجا مۇھەممەد يەھياخان ئۈزلۈكسىز تۈردە خان ـ سۇلتانلارنى ئالماشتۇرۇپ ۋە ئۇلارنى پىرە ئوينىتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدىكى نوپۇزىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئەگىشىپ خانلىقنىڭ ھۇلمۇ تەدرىجى ئاجىزلىشىشقا قاراپ ماڭدى. نەتىجىدە خوجىلار تەبىقىسىنىڭ ھوقۇققا بولغان كونتروللۇقى ھەقىقىي ئېشىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەلتەنەت تىزگىنى پۈتۈنلەي خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، مەخدۇم ئەزەم خوجا ـ جەمەتى بۇرۇنقى دىنىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن يۇكسىلىپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىكى ئەڭ چوڭ فېئودال دىنىي تەبىقىگە ئايلاندى. ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولۇۋالغان، ھەمدە دەھرىي ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلىۋېتەلەيدىغان مەخدۇم ئەزەم خوجىلار جەمەتى، يەكەن خانلىقى ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە ئىنتايىن چوڭ ۋە مۇھىم دىنىي، سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ ھەقىقىي رەۋىشتە ماگىلايسۆيەر زېمىنىنىڭ ھاكىمىيەت قامچىسىنى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنى ئۆز كونتروللۇقى ئاستىغا ئالدى.

ئەينى دەۋرلەردە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي رايونلىرىدا يەنى شەرقتە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى مىڭ سۇلالىسى ئېلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەت قۇياشىنى زاۋال كۆلەڭگىسى باسقان، چىڭگىزخان موڭغۇللىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن، زەپەردەست مانجۇ قوشۇنلىرى شەنخەيگۈەن قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ ئۇلۇغ ئاستانە بېيجىڭغا قاراپ ئات سېلىۋاتقان، يەر شارىنىڭ غەربىدە بولسا ياۋروپالىقلار نەچچە قېتىملىق دېڭىز سەپىرىنى تاماملاپ، ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن ئىبارەت كاپىتالىزم دۇنياسىغا قەدەم قويۇشنىڭ تۇنجى مارشىنى ياڭرىتىۋاتقان، 1640 - يىلىدىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ توپ - زەمبىرەك ئاۋازى ياۋروپاغا كاپىتالىزم ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئىجتىمائىي فورماتسىيە روھىنى ئېلىپ كېلىپ، دۇنيا تارىخىنىڭ ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇستقۇرۇلما ساھەسى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش ياساشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋر تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويغان چاغلار ئىدى.

**3. تارىم ۋادىسىنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىدېئولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى**

يەكەن خانلىقىنىڭ ھەرقايسى خان سۇلتانلىرى يەنى سەئىدخان ۋە ئابدۇرەشىتخان، چاغاتاي، ئەمىر تۆمۈر، شاھرۇھ، ئۇلۇغبەگ ۋە يۇنۇسخان، ئۇۋەيسخانلارغا ئوخشاش پەن - مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرغۇچى ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچى ۋارىسلىرى بولۇپ، تۆمۈرىيلەر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ خانلىق تېررىتورىيەسىدە مەدەنىيەت - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرغانىدى. دېمەك، بۇ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىدېئولوگىيە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ھالىتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تىپىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىسھاقىيەچى خوجا مۇھەممەد يەھياخان بىلەن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ، ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئىسھاقىيەچى ئاق تاغلىقلار يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدا سوپىزم سۇلۇك تەلىماتى ئىدېئولوگىيەسىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن خانلىق سەلتەنىتىنى تىزگىنلىگەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەزھەپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە ھاكىممۇتلەق ئورنىغا چىقىرىش ئۈچۈن سوپىزم سۇلۇك تەلىماتىدىن باشقا، ھەرقانداق يېڭىچە ئىدىيەۋى تەلىمات، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى قەتئىي چەكلەپ، ئۇنى ماگىلايسۆيەردىكى يەكەن خانلىقى تۇپرىقىغا يېقىن يولاتمىدى. شۇڭا، مەيلى غەربنىڭ ئىلغار كاپىتالىزم ئىدىيەسى بولسۇن ياكى ئەنئەنىۋى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت - سەنئىتى «ئون ئىككى مۇقام» ۋە باشقا ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەن نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسى قاتتىق چەكلىنىپ ۋەيلۇن دوزاختا كۆيدۈرۈلۈپ كۆل قىلىۋېتىلدى. يېڭىچە ئىدىيە ۋە يېڭى تەلىماتنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىرلار گاھىسى ياغقا تاشلاندى، گاھىسى تىرىك كۆمۈۋېتىلدى. چۈنكى، ئاق تاغلىق خوجىلار بۇ خىل يېڭى روھ، يېڭى ئىدىيەلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يەكەن خانلىقى سەلتەنىتىدىكى دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا نىسبەتەن خەۋپ ۋە خىرىس دەپ ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ساقلىنىپ قالغىنى خوجىلارنىڭ سوپىزم سۇلۇك تەلىماتىنىڭ تەزكىرى دەستۇرلىرى، شەجەرى - سالنامىلىرى بولدى، خالاس.

ئادەمنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى ۋە ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بولۇپمۇ ماگىلايسۆيەردىكى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشىدىكى بۇ خىل ئەھۋال 16 - ، 17 - ئەسىردە ئىتالىيەنى مەركەز قىلغان ياۋروپادىكى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوخشاش يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەينى دەۋردىمۇ ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ئەڭ دەسلەپ خىرىستىيان دىنى ۋاتىكان ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ پۈتكۈل ياۋروپا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھۆكۈمرانلىق بوييۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىلاھىيەتچىلىك تەلىماتىغا جەڭ ئېلان قىلىپ گۇمانىزم ياكى ئادىمىيەتلىك نەزەرىيەۋى تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، مەسىلەن: دانتىنىڭ «ئىلاھى كۇي»، داۋىنچىنىڭ «مونالىزا»، «ئەڭ ئاخىرقى زىياپەت» قاتارلىق رەسىملىرى ۋە ئالەمگە مەشھۇر فلورېنسىيە ھەيكەلتاراشچىلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھېكايە - رومانچىلىق، داستانچىلىق بولۇپمۇ، پولشالىق ئالىم كوپېرنىك ئوتتۇرىغا

قويغان «قۇياش مەركەز تەلىماتى»نىڭ ھەممىسى خرىستىيان دىنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى دۇنيا ئىلاھىيەتچىلىك نەزەرىيەسى ۋە ئىدىيەۋى تەلىماتىغا جەڭ ئېلان قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دارغا ئېسىلغان بولسا، بەزىلىرى تىرىك ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن ئەشۇ پاجىئەلىك تىراگېدىيەلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئادەمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى ۋە گاڭگىرىتىپ قويىدىغىنى، ياۋروپالىقلار 200 يىلدىن ئارتۇق فېئودال ئىلاھىيەتچىلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ۋە قۇربان بېرىشلەر نەتىجىسىدە يەر شارىنىڭ غەربىدە، يەنى ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا يېڭىچە ئىدېئولوگىيە ئاساسىدىكى كاپىتالىزم ئىجتىمائىي فورماتسىيەسىنى كۆتۈرۈپ، دۇنيادا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بولساق، ئىدېئولوگىيەدىكى مەھكۇملۇق ئىچىدە ھەسرەت ـ نادامەتتىن باشقىغا ئېرىشەلمىدۇق. بەلكى بۇ جەھەتتە بىز قايغۇلۇق، ئۇزاق تارىخىي ئەسلىمىلەر ئارمانلىرىدا ئەلەم بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشقا مەجبۇرمىز.

**4. يەكەن خاندانلىقىدىكى «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق»لار كۈرىشى ۋە خوجىلار ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى**

ئاق تاغلىق بىلەن قارا تاغلىقلار ھەققىدە شىنجاڭ تارىخىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بارلار ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنى ئۆزلىرى كەيگەن پىرىجە ـ تونىغا يەنى «سوپى» دەپ ئاتىلىدىغان قوپال رەختتىن تىكىلگەن كىيىمگە قاراپ سوپىزمچىلار دەپمۇ ئاتىغان. شۇنىڭدەك ئاق تەقىيەلىكلەر ۋە قارا تەقىيەلىكلەر دەپ ئاتاپ تاشقى كىيىنىشكە قاراپ ئىككى مەزھەپنى پەرقلەندۈرگەن. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇلار پەۋقۇلئاددە ئىككى چوڭ قارىمۇقارشى مەزھەپ ـ گۇرۇھ، ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار دەپ ئايرىلغان. سۇتۇق بوغراخاننىڭ ئەۋلادىغا ئۆيلىنىپ، ماۋرائۇننەھرى ۋە ماڭلايسۈيەردە مەخدۇم ئەزەم سوپىزم سۇلۇك تەلىماتىنى تارقاتقان، مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ دىنىي تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلىپ، چوڭ ئوغلى خوجا ئىشان كالان «ئىشانىيە» مەزھەپ سۇلۇكىنى كىچىك ئوغلى «ئىسھاقىيە» مەزھىپىنى ئىجاد قىلدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك خوجا ئىسھاق ماڭلايسۈيەردە ئۆزىنىڭ دىنىي ئۆمىكىنى ۋە سۇلۇك تەلىماتىنى يولغا قويۇپ ۋە تىكلەپ، تارىم ۋادىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك دىنىي ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلاندى. بولۇپمۇ خوجا مۇھەممەد يەھياخان دەۋرىگە كەلگەندە خوجىلار جەمەتى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسىنى ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىپ بولغانىدى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، 16 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى ئىجتىمائىيىتىدە ھۆكۈم سۈرگىنى نوقۇل ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيەسى بولۇپ، ھالبۇكى ئۇ تېخى مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدىيەۋى ھالەتتە ئىدى، تۈگىمەس ـ پۈتمەس مەزھەپ كۈرىشى ئىسلامىزمنىڭ ئەزەلدىن رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان ئىلغار تەرەققىيات ئومۇمىي يۆنىلىشىدىن چەتنەپ كېتىپ، مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان، بىر ـ بىرى بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشى ئىككى گۇرۇھقا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئىككى مەزھەپ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن قىلچە كارى بولمىغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھېچنېمىدىن يانمايدىغان، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىغان ئىككى چوڭ جاھالەت ئوچىقىغا ئايلانغانىدى.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچكى ۋە خىلۋەت جۇغراپىيەلىك ئورنىغا جايلاشقانلىقى، ئېلىمىزدىكى مەركىزىي خانلىقلارنىڭ تېخى بېكىنمىچىلىك سىياسىتىدىن ۋاز كەچمەي، دېڭىز ـ قۇرۇقلۇق قوۋۇقلىرىنى مەھكەم تاقىۋالغانلىقى، چاررۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قانچە كىچىك خانلىقلارنىڭ يەنىلا فېئودالىزمنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، ياۋروپا كاپىتالىزم ۋە بۇرژۇئازىيە ئىلغار ئىدىيەلىرىنىڭ قىتئە ئاتلاپ تارىم ئويمانلىقى ۋە ماڭلايسۈيەر تۇپرىقىغا يېتىپ كېلەلمەسلىكى قاتارلىق ئامىللار، ھەر خىل مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن سوپىزم ئىدېئولوگىيەسىنىڭ يەكەن خانلىقىدا ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيەگە ئايلىنىشىنى بەلگىلىگەنىدى. ۋاھالەنكى، بۇددىزمدىن ئىسلامىزمغا ئۆتكەن، ھەمدە داۋاملىق تۈردە ئۇيغۇرلاشقان، موغۇلىستان ۋە ماڭلايسۈيەر ئىجتىمائىيىتى ئەلۋەتتە ئىسلامىزم ئىدېئولوگىيەسى ئاتموسفېراسىدا ياشىشى تەبىئىي ئىدى. ئەينى دەۋرلەردە بۇ يەرلەرگە باشقىچە ئىدىيەۋى روھ ۋە ئاتموسفېرانىڭ ياكى يېڭىچە تەلىمات ــ ئىزملارنىڭ يېتىپ كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىككى چوڭ مەزھەپتىن ئىبارەت جاھالەت ئوچاقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن قارا ئىس ـ تۈتەكلەر ئانا دەريا تارىم ۋادىسى مەدەنىيىتىنىڭ ھاۋاسىنى بۇلغاپ، بۇ ئۇلۇغ زېمىننىڭ گۈزەل كەل

تۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


گۈسى گۈلستانىنى يېرىم ئەسىر غازاڭ قىلدى. شۇنىڭدەك تارىم ۋادىسىدىن ئىبارەت بۇ ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار ئانا تۇپراق، زىمىستان كەبى قار شۇرغانلىق مۇدھىش تىراگېدىيەلىك قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىشكە باشلىدى.

يەنە ئەسلى تېمىمىزغا قايتساق: خوجا ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد يەھياخان ئۇزاق يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق يەكەن خانلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى ئىشان كالان ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇپنى يەكەن خانلىقىغا ئەۋەتىدۇ. مىلادىيە 1620 - يىلى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا ھەج قىلىش سەپىرىدىن ئۇدۇل يەكەن خانلىقىنىڭ قەشقەر شەھرىگە يېتىپ كېلىدۇ.

بۇ مەزگىلدە پۈتكۈل يەكەن خانلىقىنىڭ دىن ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىنى خوجا مۇھەممەد يەھياخان ئۆز قولىغا ئېلىۋالغانىدى. شۇڭا خوجا مۇھەممەد يۇسۇپخان ئۇنىڭدىن نېرى تۇرۇپ قەشقەردە ئۆزىنى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى قىلىپ كۆرسىتىپ، سۇلۇك تارقىتىپ، مۇرىت توپلاشقا باشلايدۇ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانلىرىنىڭ بىرى بولغان ئابدۇل لەتىپخان يەھياخاننىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇھەممەد يۇسۇپخاننى بىر مەھەل قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن خوجا يەھياخان باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلارنىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا مۇھەممەد يۇسۇپخاننى چېگرادىن قوغلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مۇھەممەد يۇسۇپخان قارا تاغلىقلارنىڭ تەسىر كۈچى بىرقەدەر ئاجىز بولغان قومۇلغا كېلىپ، ئۇ يەردە بىر نەچچە يىل ياشاش جەريانىدا ئاۋام - خەلق ۋە بەگ - زەردارلار ئارىسىدا سۇلۇك تارقىتىپ مۇرىت توپلايدۇ ھەمدە قومۇلنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمدارىنىڭ ئىلىم - ئىرپاندا كامالەت تاپقان قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. تارىختا نامى پۇر كەتكەن ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللا) دەل 1624 - يىلى قومۇل شەھرىنىڭ شەھەر ئىچى ئاق مەسچىت كونا مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. [11] مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا قومۇلدا بىر تەرەپتىن ئاق تاغلىق مۇرىت - مۇخلىسلارنى تەرەققىي قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەكەن خانلىقىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا يەكەن خانلىقىدىن ئايرىلغان مەزگىللەردە خانلىق سەلتەنەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن چوڭ داۋالغۇش ھالىتىدە بولۇپ، خان - سۇلتانلار توختىماي ئالمىشىپ تۇراتتى. نەتىجىدە پادىشاھلىق تاجى - تەختى سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى تۇرپان ھۆكۈمرانى ئابدۇللا ھاشىمخان جەمەتى قولىغا مەركەزلەشكەن چاغلارغا توغرا كەلگەنىدى. خوجا مۇھەممەد يۇسۇپخان بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ پۈتكۈل جەمەتنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۇ سۇلتان ئابدۇللاخان ئوردىسىدىكى بىر تونۇش مۇلازىمى ئارقىلىق يەكەن خانلىقىنىڭ ھازىرقى ئالىي ھۆكۈمرانى بىلەن تونۇشۇۋالىدۇ. ئەينى مەزگىللەردە خوجا مۇھەممەد يەھياخاننىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇش كويىدا يۈرۈۋاتقان، مەزكۇر سۇلتان ئابدۇللا ھاشىمخان، خوجا مۇھەممەد يۇسۇپخان ئاتا - بالىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەمدە ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر شەھرىنىڭ ئاۋات دېگەن يېرىدىكى ئەسلى خانلىققا تەۋە بولغان قورۇق ۋە باغنى مۇھەممەد يۇسۇپخانغا ئىنئام قىلىدۇ. [12] ئەمما، كېيىنكى چاغلاردا سۇلتان ئابدۇللا ھاشىمخان چىڭ سۇلالىسى ۋە باشقا قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش مەسىلىسىدە خوجا مۇھەممەد يۇسۇپخان ئاتا - بالىنىڭ قارشىلىقى ۋە چەكلىشىگە ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىككى ئوتتۇرىدا يەنە زىددىيەت پەيدا بولىدۇ. خوجا مۇھەممەد يۇسۇپخان دەرھال خاندىن يۈز ئۆرۈپ، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى قەشقەر ھۆكۈمرانى يولۋاسخان ھوزۇرىغا باش قويىدۇ. چۈنكى، خانزادە يولۋاسخان پايتەختتىكى ئاتىسى ئابدۇللاخان بىلەن ئەپ ئەمەس بولۇپ، يەكەن تەختىگاھىغا ئۇزاقتىن بۇيان خىرىس قىلىپ يۈرەتتى. شۇنىڭدەك بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن چوقۇم بىرەر چوڭ خوجىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا ئىدى. بۇنىڭ بىلەن يولۋاسخان خوجا مۇھەممەد يۇسۇپخاننى ئۆزىنىڭ شەيخۇلئىسلاملىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ، خان ئاتىسى سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن قارا تاغلىقلار پېشۋاسى خوجا مۇھەممەد يەھياخانغا قارشى سىياسىي ئىتتىپاقنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۇقەددەس پاك زېمىنىدا ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار مەزھەپ كۈرىشىنىڭ يوشۇرۇن ئوتى لاۋۇلداشقا باشلايدۇ.

مىلادى 1646 - يىللىرى قارا تاغلىقلارنىڭ پېشۋاسى خوجا مۇھەممەد يەھياخان جاھالەت ئۇچىقىنىڭ مەزھەپ تەپرىقىچىلىك ئىس - تۈتەكلىرىنى ماڭلايسۆيەر زېمىندا تازا ئۇلغايتىپ قويۇپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ. [13] ئۇنىڭ كىچىك قالغان ئىككى ئوغلى ۋە قارا تاغلىقلارنىڭ دىنىي سۇلۇك ئىشلىرىغا خەلىپەم خوجا سەئىد مۇھەممەد

(يەنە بىر ئىسمى خوجا شەرىف) ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئاق تاغلىق خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ بۇنى قارا تاغلىقلارغا زەربە بېرىشنىڭ ناھايىتى ياخشى پۇرسىتى دەپ چۈشىنىپ، خوجا مۇھەممەد يەھيانىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىمەن دېگەن باھانە بىلەن پايتەخت يەكەنگە كېلىدۇ. ئۇ يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن بىر مەھەل خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئابدۇللاخان ۋە نۇرغۇنلىغان قارا تاغلىقلار مۇرىتلىرى «ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلدۇرۇپ، خوجا مۇھەممەد يەھيانىڭ ئوغۇللىرىدىن ئۆزىنى تارتىشقا باشلايدۇ». [14] مۇھەممەد خوجا شەرىف باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلارمۇ بۇنىڭغا قاراپ تۇرماستىن، ئۆز مۇرىتلىرىنى باشلاپ خوجا مۇھەممەد يەھيانىڭ ئوغۇللىرىنى بوينىغا مىندۇرۇپ، سۇلتان ئابدۇللاخان ئالدىدا نامايىش قىلىدۇ. سۇلتان ئابدۇللاخانمۇ ئىلاجىنىڭ يوقىدىن قارا تاغلىقلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا ئاق تاغلىق خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنى ئاستانە يەكەندىن قوغلاپ چىقىرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ سىياسى كۈچىنى كۈچەيتىپ، قەشقەر ئەمىرى يولۋاسخاننى يەكەن تەختىگاھىنى قوراللىق تارتىۋېلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغاپ نەتىجىدە خان ئوردىسى، ئاق تاغلىقلار ۋە يولۋاسخاننىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە نىسبەتەن قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قېتىمقى باستۇرۇشتىن ئانچە بەك ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ۋە ئوغلى ھىدايىتۇللا 1667-يىلى ئاق تاغلىقلارنىڭ نەچچە ئونمىڭ كىشىلىك غەلىيانىنى قوزغايدۇ. بۇ قېتىمقى غەلىيانى ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمىر لەشكەرلەر قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەنلىكتىن، سۇلتان ئابدۇللاخان ئوردىدىكى ۋەزىر، ئەمىر-لەشكەر، دوست-يارەنلەرنىڭ يۈز ئۆرۈشى بىلەن خانلىق تەختىدىن ۋاز كېچىكەنلىكىنى جاكارلاپ ھەج سەپىرىگە يول ئېلىپ ئارزۇ-ئارمانلار ئىچىدە ياقا يۇرتتا ۋاپات بولىدۇ.

دېمەك، بۇ قېتىمقى ئېلىشىش ئارقىلىق خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلارنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقى تارىخىدا تۇنجى قېتىم قارا تاغلىقلارنى مەغلۇپ قىلىپ ھاكىمىيەت تارتىۋېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك بۇ يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلار مەزھەپ كۈرىشى تىراگېدىيەلىك كومېدىيەسىنىڭ تۇنجى پەردىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

خان ئاتىسىغا ئاسىيلىق قىلغان قەشقەر ئەمىرى يولۋاسخان سۇلتان ئابدۇللاخان يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى بىر يىل مابەينىدە جۇڭغار خانلىقىنىڭ زەڭگى تەيجىسى ۋە خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ خانىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئاستىدا ئۆز رەقىبلىرىنى بىر-بىرلەپ مەغلۇپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى خانلىق تەختىگە ئېرىشىدۇ. بۇنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن يولۋاسخان زەڭگى تەيجىگە قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ خانلىق سەلتەنەتنىڭ سىمۋولى بولغان تۇغ-ئەلەم، پادىشاھلىق، مۆھۈر تامغىسى، شاھادەتنامىلىرىنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ تاپشۇرىدۇ. يەكەن خانلىقىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ۋە ئوغلى ھىدايتۇللا ئاپپاق خوجىغا تاپشۇرىدۇ. «ھىدايىتۇللا تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە: ئاق تاغلىقلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولغان قەشقەر بەشكېرەم يېزىسى، ئاستانە يەكەندىكى خانلىق ئوردىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان «شاھىنشاھ ئوردىسى»غا ئايلانغان. ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا بۇ شاھىنشاھ ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەممە شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ماكانلىسۈيەر تۈپرىقدا قاباھەتلىك سېھرىي-كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.

خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ سەلتەنەت ئىشلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، قارا تاغلىقلارغا نىسبەتەن غالجىرلارچە ئىنتىقام ئېلىشنى باشلايدۇ. ئۇمۇمەن، ئەينى ۋاقىتتىكى قارا تاغلىقلار كاتتىباشى خوجا مۇھەممەد يەھياغا ۋە ئابدۇللاخانغا ئەگىشىپ يولۋاسخاندىن خانلىق تالىشىپ ئاقسۇغا بارغان قارا تاغلىق مۇرىتلار ۋە ئەمىر-لەشكەرلەرنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىنىدۇ. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ئاتا-بالىنىڭ بۇ خىل ۋەھشىيلىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ قارا تاغلىقلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. 1670-يىلى قارا تاغلىقلار خوجىلىرى قاغىلىق، پوسكام ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ غەربىي رايونلىرىدا مەسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زور كۆلەملىك قارا تاغلىقلار قوزغىلىڭىنى كۆتۈرىدۇ. خوجا مۇھەممەد يۈسۈپخان بىلەن يولۋاسخان قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار يەكەندە يولۋاسخاننىڭ كەنجى ئوغلى ئابدۇل لەتىپخاننى خانلىق تەختىگە چىقىرىدۇ. ئابدۇل لەتىپخان تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي يەنە توزاق قۇرۇپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقان لەشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ربي ئەمرلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاقسۇدىكى ئىسمايىلخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ يەكەنگە لەشكەر تارتىدۇ. ئابدۇل لتىپخان مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە قېچىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە ئىسمايىلخان يەكەن خانلىق تەختىگاھىغا ئولتۇرىدۇ. قارا تاغلىق خوجا مۇھەممەد ئابدۇللا ئىسمايىلخاننى تەختكە يۆلەپ چىقىرىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ھاكىمىيەت تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئاق تاغلىقلارغا نىسبەتەن دەھشەتلىك قىرغىنىنى باشلايدۇ.

ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يەكەنگە بېرىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ياندۇرۇپ كېلىدۇ ھەمدە شەھەر سىرتىدىكى ياغدۇغا دەپنە قىلىدۇ. ئۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى نامى پۇر كەتكەن ئاپپاق خوجا مازىرى بولۇپ ئاق تاغلىقلارنىڭ مەشھۇر زىيارەتگاھىغا ئايلانغان. ئىسمايىلخان يەكەن تەختىگاھىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاپپاق خوجا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دەخبىدقا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە دەخبىدتىكى بىر بۆلۈم كىشىلەرنى باشلاپ، ئاتۇشقا مەخپىي كېلىپ ئۇ يەردىكى ئاق تاغلىق مۇرىت، مۇخلىسلىرىنى توپلاپ ئالا - توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ قېتىمقى توپىلاڭ قەشقەر ئەمىرى باباخان تەرىپىدىن تىنچىتىلىدۇ. باباخان خانلىق زېمىن ئاۋات يېزىسىنى قايتۇرۇۋالغانلىقنى جاكارلاپ، ئاپپاق خوجىنىڭ يەكەن خانلىقى تېررىتورىيەسىدىن چىقىپ كېتىشىنى بۇيرۇيدۇ.

«ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى»دە بايان قىلىنىشىچە، چېگرادىن قوغلانغان ئاپپاق خوجا ھەرقايسى جايلاردا 10 يىل سەرسانلىقتا يۈرىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئەتراپلىرىغا بېرىپ سەرگەندان بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئاق تاغلىقلارنىڭ سوپىزم تەلىماتىنى تارقىتىدۇ ھەمدە مۇرىت قوبۇل قىلىپ، سوپىزم سۈلۈك تەلىماتىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقاتقۇچى ئىسھاقىيە مەزھىپىنىڭ كېيىنكى پىرىگە ئايلىنىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ باش سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئاپپاق خوجىنىڭ ئىچكىرىگە بېرىشتىكى مەقسىتى ھەرگىزمۇ دىن تارقىتىش بولماستىن، بەلكى يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەخىر قىلىپ كۈتۈش ئىدى. شۇنىڭدەك ئۆزىنى قوللىغۇچى يار - يۆلەك ئىزدەش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ گەنسۇ - چىڭخەيدە تۇرغان مەزگىللىرىدە ھازىرقى سۈجۇ ناھىيەسىدىكى بىر لاما بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۇنىڭ دالالىتى بىلەن تىبەتكە بېرىشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ تىبەتكە بېرىپ، دالاي لاماغا يالغاندىن: يەكەن، قەشقەردىكى پۇقرا - رەئىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇممەتلىرىم ۋە سوپا - مۇرىتلىرىم بولىدۇ، لېكىن بۇ زېمىنغا ھازىر ئادالەتسىز زالىم پادىشاھ - سۇلتانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ ۋەجىدىن دالاي لاما جانابلىرىنىڭ بۇ مۈلكى زېمىن سەلتەنەت تەختىمنى قايتۇرۇۋېلىشىمغا ياردەم قىلىپ، بۇ كەڭ زېمىنىنىڭ قايتىدىن مېنىڭ تەسەۋۋۇپۇمغا ئۆتۈشىگە يار - يۆلەك بولۇشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيمەن» دەپ باش ئۇرغان. دالاي لاما ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئىلى رايونىدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدان سېرىنغا مەكتۇپ يېزىپ: «ئۇنىڭ شەخسەن ئۆزى لەشكەر باشلاپ ماگلايسۆيەر زېمىنىدىكى زالىم پادىشاھنى يوقىتىپ، ئاپپاق خوجىنى ئاتا مىراس خانلىق تەختىگە چىقىرىپ قويۇشقا بۇيرۇغان. [15] ئاپپاق خوجا دالاي لامانىڭ غالدان سېرىنغا يازغان مەكتۇبىنى ئېلىپ يەنە سۇجۇغا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇ دالاي لامانىڭ سۇجۇدىكى ۋەكىلىگە سالام بەجا كەلتۈرىدۇ. سۇجۇنىڭ ئەڭ چوڭ راھىب كالانى غالدان سېرىنغا يەنە قوشۇپ مەكتۇپ يوللاپ: «ئۇنىڭ ئاپپاق خوجىنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىنى قوللىشىنى تەلەپ قىلىدۇ» ھەتتا غالدان سېرىنغا ئۇچۇق قىلىپ: «مەكتۇپنى كۆرگەن ھامان قىلچە سۇسلۇق قىلماستىن 120 مىڭ لەشكەر بىلەن قەشقەر ۋە يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ، زالىم پادىشاھ باباخان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئاپپاق خوجا ھەزرەتلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ زاتنى قەشقەر ھەمدە پايتەخت يەكەندىكى ئالتۇن تەختىگە قايتىدىن ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشنى» تەلەپ قىلىدۇ. [16] 1678 - يىلى ئاپپاق خوجا ئىلىغا يېتىپ كېلىپ، غالدان سېرىنغا دالاي لاما ۋە ئۇنىڭ سۇجۇدىكى ۋەكىلى يازغان مەكتۇپنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرىدۇ ھەمدە قەشقەر ۋە يەكەنلەردە ئۆزىنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ بارلىقىنى، ئەگەردە غالدان سېرىن لەشكەر تارتسا، ماگلايسۆيەر زېمىنىنى ئوڭايلا ئۆز تەسەۋۋۇپىغا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى مەسلىھەت ۋە دالالەت قىلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە قەدىمكى زامانلاردا شەرقىي قاراخانىلار شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ۋە موغۇلىستان دەپ ئاتالغان نۆۋەتتە جۇڭغارىيە خانلىقى دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىلى ۋادىسىدىكى سەلتەنەت ئىگىسى غالدان سېرىن پۈتكۈل جۇڭغارىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى تۇرپان، قو-

مۇللارنىمۇ بويسۇندۇرۇپ بولغانىدى. بەلكى ئۇنىڭ نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ، ماڭلايسۆيەرگە ۋە يەكەن خانلىق تېررىتورىيەسىگە شۆلگىيىنى ئېقىتىپ يۈرگەن مەزگىللەر ئىدى. ئاپپاق خوجىنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇشى، ئۇنى ئىنتايىن شادلاندۇرۇپ، ئۆز تەڭرىسى بەرگەن بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەرگە مىڭ مەرتە رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتىپ دەرھال نەزىر چىراغ ئۆتكۈزۈپ كۆجە كۆيدۈردى ھەمدە ھايال ئۆتمەي 120 مىڭ لەشكىرى ـ سەرۋازلىرىنى ئېلىپ ئاپپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن مۇزداۋاندىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ئاقسۇغا چۈشۈپ ئاتۇش، قەشقەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەن سېپىل دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئىنتايىن شىددەتلىك شەھەر مۇداپىئە ئۇرۇشى جەريانىدا ئاستانە پاسىبان ئەمىرى ئۇۋەيسبەگ ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە شېھىت بولدى. قارا تاغلىقلارنىڭ داھىي مولىسى ئابدۇللا خوجا پايتەخت يەكەندىن ئايرىلىپ، ھىندىستانغا كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى. سۇلتان ئىسمايىلخان قارا تاغلىق ئابدۇللا خوجىنىڭ شۇئەيب غوجا بىلەن دانىيال غوجىدىن ئىبارەت ئىككى ئوغلىنى باشلاپ، دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى بىلەن پايتەخت دەرۋازىسىنى ئېچىپ تەسلىم بولدى. سۇلتان ئىسمايىلخان جەددى ـ جەمەتى بىلەن ئىلىنىڭ قابۇرغىغا يالاپ ئاپىرىلىپ قاماپ قويۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇرپانلىق ئابدۇرەشت يەكەن خانلىقىغا سۇلتان بولۇپ تىكلىنىدى.

بۇ قېتىمقى يەكەن خانلىقىنىڭ جۇڭغارلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىش تراگېدىيەسىدە گەرچە ئاپپاق خوجا ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى سەرپ قىلىپ، يات كۈچلەرنىڭ قولى بىلەن ماڭلايسۆيەر خەلقىنى مەھكۇملۇق دېڭىزىغا غەرق قىلىشتا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ زور تۆھپە ياراتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ، بۇ بەختسىز سەئىدىيە خانلىقى تۇپرىقىدا ئېرىشكىنى پەقەتلا ئاق تاغلىقلارنىڭ داھىيلىق ئورنىدىنلا ئىبارەت بولدى، خالاس. ئۇنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ شاھنشاھى بولۇش شېرىن چۈشى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇنىڭغا تەن بەرمىگەن ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر توپلىغان ھىيلە ـ مىكرى، سۇيىقەستلىك سېھرىي ـ كارامىتىنى يەنە ئىشقا سېلىپ، غالدان سىرىنىڭ قولى ئارقىلىق تۇرپانلىق ئابدۇرەشتخانىنى تەختتىن غۇلاتتى. بۇنىڭ بىلەن 1514 ـ يىلدىن 1689 ـ يىلغىچە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا ۋە ماڭلايسۆيەر زېمىنىدا سەلتەنەت سۈرگەن، 180 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە چىڭگىز ئىمپېرىيەسىنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئاخىرقى خانلىقى بولغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەلتەنەت تۇغى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق ئىشان ـ سوپىلارنىڭ مەزھەپ جېدەللىرىنىڭ جەبرى ـ زۇلۇمىدا ئاخىرى يىقىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئامۇ ـ سىر دەريا ۋادىسىدىكى چاغاتاي، ئەمىر تۆمۈر ئىمپېرىيەسىنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى ئاخىرقى خانلىقلىرى بولغان قوقەنت خانلىقى، بۇخارا خانلىقى، خىۋە خانلىقى ۋە ئاستراخان خانلىقلىرى نىسبەتەن تىنچ ۋە مۇقىم ھالەتتە بولۇپ، چاررۇسىيەنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر بۇخارا ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلار ئىككى ئەسىر دېگۈدەك بىخارامان ئۇخلاپ، ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ئۆزئارا تەخت دەۋاسىغا چۈشۈۋاتقان 19 ـ ئەسىرلەردە، بىر ـ بىرلەپ چاررۇسىيەنىڭ پەرغانە ۋادىسى ۋە كاسپى دېڭىزى ئەتراپىدىكى كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئاپپاق خوجا جۇڭغار خانى غالدان سىرىن تەرىپىدىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا يەھياخان (خان خوجا) قەشقەرنىڭ ھاكىمى بولۇپ تەيىنلەندى. قالغان باشقا شەھەر ـ ئايماقلارنىڭ ھاكىملىرىنى ئاپپاق خوجا تەيىنلەيدىغان بولدى. دېمەك، ئاپپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ قىلىچ ـ نەيزىسىگە تايىنىپ ئۆزى ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئارمان قىلىپ كەلگەن ئاق تاغلىقلار كونتروللۇقىدىكى دىنىي ھاكىمىيەتنى ئاخىرى تىكلىدى. ئەمما بۇ ھاكىمىيەت جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خانلىق چېدىرى ئالدىغا باغلانغان خوجايىنىغا سادىق ئىتائەتمەن ئىتتىن باشقا نەرسىگە ئوخشىمايتتى. خۇددى تارىخىي ئەسەر «چۈنيۈەن قەسىردە يېزىلغان 71 جىلت: «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم خاتىرىسى »دا يېزىلغاندەك، ئاپپاق خوجا ھاكىمىيىتى پەقەتلا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ماڭلايسۆيەر زېمىنىدا مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى ۋاكالەتەن باشقۇرۇپ بېرىشكە تىكلەنگەن قورچاق ھاكىمىيەتلا ئىدى، خالاس. [17]

ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ غوجايىنىغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بېكىتىپ بەرگەن ھەر يىلى 100 مىڭ تەڭگە ، 15 مىڭ چارەك بۇغداي ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملاردىن سىرت، ئۇ يەنە ئۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زىنىڭ خۇسۇسىي نامىدا غالدان سىرىنغا ھەر ئايدا 4000 تەڭگە كۈمۈش يوللايتتى. ئۇ، بۇ چىقىمنى تولدۇرۇش ۋە ئاپپاق خوجا جەمەتىنىڭ تۈگىمەس ئائىلە - جەمەت خىراجىتى ئۈچۈن، پۇقرا - رەئىيەتكە ئىنتايىن ئېغىر ھالدىكى باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساقنى زورلاپ تاڭاتتى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تىكلەنگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، بېرىش - كېلىشنى چەكلىگەنىدى. ئىچكى جەھەتتە ئىنتايىن دەھشەتلىك فېئودال دىنىي مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويۇپ، قارا تاغلىقلارنىڭ قېنىدا تۈگمەن چۆرگىلىتىپ، تارتىپ چىقىرىلغان ئۇندا نان ياقتۇرۇپ يېگەن. ئۇ ئاق تاغلىقلار سۇلۇك تەلىماتىنى رەئىيەتكە زورلاپ تېڭىپ، «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا ۋە ئاق تاغلىق سوپىزىم تەلىماتىغا يات بولغان ھەرقانداق ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىدىيەۋى - تەلىمات ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ مەڭگۈ يوق قىلدى. ئاپپاق خوجىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ياۋۇزلارچە تالان - تارىجى — ماڭلايسۆيەر رايونىدىكى مىللىي زىددىيەتنى ۋە سىنىپىي زىددىيەتنى مىسلىسىز دەرىجىدە كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

1692 - يىلى قاغىلىق، پوسكام، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا قارا تاغلىق خوجىلار رەھبەرلىكىدىكى قارا تاغلىق مۇخلىسلارنى ئاساس قىلغان، زور كۆلەمدىكى خەلق قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئاق تاغلىقلارنىڭ كونا ئۇۋىسى بولغان قەشقەر رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپ قوللاپ مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى ھەمدە پۈتكۈل تارىم ۋادىسىغا كېڭەيدى. ئاپپاق خوجا ۋەزىيەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، خانلىق تەختىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى دەرھال جاكارلاپ، جۇڭغارلارنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى، تۇرپان، قومۇللارغا قېچىپ كېتىدۇ، ئەمما، يەنە كۆپ ئۆتمەي جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قايتىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ. ئۇ ئاق تاغلىقلار جەمەتى ھاكىمىيىتىنى مەڭگۈلۈك ئەمىنلىككە ئېرىشتۈرۈش، قارا تاغلىقلار جەمەتىنىڭ ئۇرۇق - نەسلىنى ئۈزۈل - كېسىل قۇرۇتۇپ كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «ماڭلايسۆيەر زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلار ئىشلىرىنى ئورتاق باشقۇرساق» دېگەن ئالدامچىلىق نەيرىڭىنى ئىشقا سېلىپ، كەشمىرگە قېچىپ كەتكەن قارا تاغلىقلار خوجىلىرىدىن بولغان شۇئەيىپ خوجا بىلەن دانىيال خوجا ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنى يەكەنگە ئالداپ ئەكەلمەكچى بولىدۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن كەشمىردىن قاغىلىققا كېلىدىغان چېگراغا كەلگەندە شۇئەيىپ خوجىنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ، ئىنىسى دانىيال خوجىنى كەشمىرگە قايتۇرۇۋېتىدۇ. شۇئەيىب خوجا ساڭجۇغا يېتىپ كەلگەندە، ئاللىبۇرۇن بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئاق تاغلىق قان ئىچكۈچى بىر توپ سوپىلار تۇيۇقسىز يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، شۇئەيىپ خوجا باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلارنى بوغۇزلاپ دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ. قارا تاغلىقلار بۇ قېتىمقى ئۇشتۇمتۇت بېرىلگەن ئەجەللىك زەربىدىن كېيىن قايتا ھوشىغا كېلەلمەيدۇ.

1695 - يىلى يەكەندىكى قارا تاغلىق ئاۋام - رەئىيەت يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئاپپاق خوجىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. گەرچە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ تېز سۈرئەتتە يەنە باستۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ ئەمما، ئاق تاغلىق خوجىلار جەمەتى ئاپپاق خوجىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈشى بىلەن تېخىمۇ دەھشەتلىك ھوقۇق - تەخت تالىشىش كۈرىشىگە پېتىپ قالىدۇ، بۇ قېتىمقى يەكەن تىزناپ دەريا ۋادىلىرىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىقلار نەتىجىسىدە ئاق تاغلىقلارنىڭ ئەمەلىي كۈچى قاتتىق زەخمە يەيدۇ. 1696 - يىلى يەكەن خان جەمەتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد مۆمىن ئاقباشخان غالدان سىرىنىڭ جاۋمودۇ دېگەن يەردە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقى ھەمدە ئاق تاغلىقلار ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە ئۆزئارا قاتتىق قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، يەكەن شەھىرىنى بىراقلا ئىگىلەپ، خانلىق تەختكە ئولتۇرىدۇ. يېڭى تەختكە چىققان ئاقباشخان ئاق تاغلىقلارغا نىسبەتەن كەڭ - كۆلەملىك بېسىقتۇرۇش ئېلىپ بارغان. «خوجىلار تەزكىرىسى» دە خاتىرلىنىشىچە: ئاقباشخان بىر قېتىمدىلا 1000دىن ئارتۇق ئاقتاغلىق جېنىدىن تويغان ئەسەبىي سوپىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ نەسلى - جەمەتى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. ئاق تاغلىقلار ھاكىمىيىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تارىم ۋادىسى مىسلىسىز قالايمىقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى فېئودال يەر ئىگىلىرى، دەھرىي ھاكىمىيەت گۇرۇھىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ۋە يەرلىك مۇشتۇمزورلار ھەممىسى ئۆز ئالدىغا تۇغ -

ئەلەم قاداپ، پادىشاھلىق ناغرىسىنى چېلىشقا باشلايدۇ. ئۇزاقتىن - ئۇزاق داۋاملاشقان قانلىق قىرغىنچىلىقلاردىن ئامان قالغان قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق خوجىلار ئەۋلادى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر، يەكەنلەردە ئاق كىگىزدە ئولتۇرۇپ، خان - پادىشاھلىق دەۋاسىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرى قارا تاغلىقلار بۇ قېتىمقى دە - تالاشتا ئۇتۇپ چىقىدۇ، ئۇلارمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئاپپاق خوجا جۇڭغارلارغا بەرگەن ئوخشاش ئىمتىياز بەدەلىگە جۇڭغارلار ئۈچۈن «مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇپ بېرىش» ھوقۇق - تەختىگە ئېرىشىپ قورچاق ھاكىمىيەت قۇرۇپ، جۇڭغار خانلىقىنى پاترا خانلىق دۆلەت دەپ تونۇش شەرتى ئاستىدا قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

1754 - يىلى قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى نىزا تۈپەيلى كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ يەكەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى لەشكىرىي - چېرىكلىرى، ئەمەلدار - سودىگەرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدۇ ھەمدە قارا تاغلىقلارنىڭ مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مەزگىللىرىگە قەدەم قويىدۇ.

**5. ئېلىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوجىلار ۋە سۇيورغاللىق، نەسەپ - ھوقۇقنىڭ بىكار قىلىنىشى**

1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى، جۇڭغار خانلىقى شاھزادىسى داۋاچىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىقى ئىلىدا تۇرغاق قىلۋاتقان ئاق تاغلىق خوجا ئەھمەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى چوڭ خوجا بۇرھاندىننى ماڭلايسۈيەرگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئىناۋەت - تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، تارىم ۋادىسىنى تىنچ بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولىدى. بۇرھاندىن خوجا يارلىققا بىنائەن چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى بىلەن بىللە، مانجۇ جۇڭغار چېرىكلىرى ۋە ئاق تاغلىقلاردىن تەشكىل تاپقان، مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر - چېرىك بىلەن تارىم ۋادىسىغا يۈرۈش قىلىدۇ. بۇرھاندىن خوجا چىڭ سۇلالىسى تەيىنلىگەن ئەمەلدار ۋە خوجا ئەۋلادى بولۇشتەك قوش سالاھىيىتى بىلەن بۇ يەردىكى خەلقنى بەيئەت قىلدۇرۇش قەدىمىنى باشلايدۇ. ھەرقايسى شەھەر - ئايماقتىكى قارا تاغلىقلار ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۋاتقان خەلق تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئەل بولۇپ بەيئەت قىلىشىدۇ. بۇ مەزگىللەردە قارا تاغلىقلار خوجا ھاكىمىيىتى گەرچە خېلى قارشىلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما سەلتەنەت تەختىدىن ئامىتى قاچقانلىقى ئۈچۈن يېقىن - يورۇقلىرىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن ئاخىرى مازالىقىنىڭ ئەسكى تېمىدەك ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى تېزلا گۇمۇرلۇپ چۈشتى. قارا تاغلىقلار جەمەتىدىن ئابدۇللا خوجا ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىدىن باشقا ھەممىسى ئاق تاغلىقلارنىڭ سىياسەت تېغىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ بىرسىمۇ ئامان قالمىدى. يىلتىزىغا پالتا تەگكەن قارا تاغلىقلار شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قايتا كۆكلىيەلمەي تارىم ۋادىسىدا تارىخ سەھنىسىدىن ئەبەدىي يوقالدى.

بۇرھاندىن خوجا ماڭلايسۈيەر زېمىنىنى ئۆز تەسەۋۋۇرىغا ئالغاندىن كېيىن دەرھال تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، تارىم بوستانلىقى زېمىنىنى شۇندىن ئېتىبارەن «بۈيۈك پەغپۇرچىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى» دەۋرىگە قەدەم قويدى، دەپ جاكارلايدۇ. [18] بۇ ۋەقەدىن ئۇزاق ئۆتمەي، جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەنە بىر قاچاق شاھزادىسى ئامۇرسەنا ئىلىدا ئالا - توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. كىچىك خوجا، خوجا جاھان ۋاپاغا جاپا قىلىپ، ئامورسەنانىڭ ئاسىيلىق دېپىغا تەڭ ئۇسسۇل ئويناپ ئۆز ئالامىنى باشلاپ توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. [19] چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئامۇرسەنا توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئىلىغا قايتا يۈرۈش قىلغاندا ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ بارىدۇ ھەمدە «ھەرقايسى شەھەر - ۋىلايەتلەر بىرلىشىپ ئۆز ئەركىمىزنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن شۇئار ئاستىدا ئاكىسى بۇرھاندىن خوجىنىمۇ چىڭ سۇلالىسىغا ئاسىيلىق قىلىشقا چاقىرىپ بۆلگۈنچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. 1757 - يىلى خوجا جاھان چىڭ سۇلالىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆزلىرىنى تىنچىتىشقا ئەۋەتكەن ئوردا ئەمەلدارى ئامىناۋىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ھەمدە رەسمىي ئىسيان ناغرىسىنى چالىدۇ. 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە بۇ قېتىمقى ئىككى يىل تۆت ئاي داۋاملاشقان، چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى ئاخىرى تىنچىتىدۇ.

ئەينى يىللىرى پۈتكۈل جۇڭگو زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغان پادىشاھ چيەنلۇڭ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى، شۇنىڭدەك غەربىي تەرەپلىرىنى ئۈنۈملۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


باشقۇرۇش ئۈچۈن 1762 ـ يىلى غۇلجىنىڭ كۈرەدە «ئىلى ۋادىسى ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغۇچى سانغۇن» تۈزۈمىنى تەسىس قىلىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا «ئىلى سانغۇن» باشچىلىقىدىكى بىر قاتار مەسلىھەتچى ئامبال، زەڭگى، خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامبال قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى بەلگىلەپ ئىلى سانغۇنى ئالىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوردا بىۋاستە باشقۇرىدىغان ئالۋاڭ ـ ياساقلىق ھەربىي ئىدارە قىلىش ئاستىدىكى ۋاڭ ـ گۇڭلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويىدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا 500 يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ كەلگەن نەسەبى خوجا شەيخۇلئىسلام ھاكىمبەگلىك تۈزۈمىگە رەسمىي خاتىمە بېرىلىپ، خوجىلارنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سۇيۇرغاللىق نەسەپ ھوقۇق ـ ئىمتىيازى بىكار قىلىندى. بۇنىڭغا تەن بەرمىگەن ئاق تاغلىقلارنىڭ نەۋرىسى جاھانگىر خوجا قوقەند خانلىقىنىڭ يانتاياق بولۇشى بىلەن 1820 ـ يىلدىن 1828 ـ يىلغىچە كۆپ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرۈپ زېمىن ـ تەخت داۋاسى قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى تىنچىتىلىپ تىرىك قولغا چۈشۈپ پايتەخت بېيجىڭدا ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. 1847 ـ يىلى جاھانگىر خوجىنىڭ جيەنى مۇھەممەد ئىمىن خوجا (كاتتا تۆرە) بىلەن ۋەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا ئالا ـ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، «زامانە ـ زامانىنىڭ، زامان ۋەلىخان تۆرىنىڭ» دەپ جار سالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ داۋرىڭى ئۇزاققا بارمىدى.

1857 ـ يىلى ۋەلىخان تۆرە يەنە چېگرادىن ئۆتۈپ پاراكەندىچىلىك سالغان بولسىمۇ، تۆت ئايلا داۋاملاشقان بۇ ئالا ـ تۆپىلاڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن تېز سۈرئەتتە باستۇرۇۋېتىلدى. 1864 ـ يىلى تەيپىڭ تيەنگو دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە، پۈتكۈل تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى زور كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ ئىلى سانغۇن ھۆكۈمرانلىقى گۇمران قىلىندى. كېيىن تىكلەنگەن دېھقانلار ھاكىمىيىتى بولغان سىدىقبەگ جىن شياڭيىن قەشقەر ھاكىمىيىتى كونا جەندىسگە ۋارىسلىق قىلىپ قوقەندىكى جاھانگىر خوجىنىڭ يەنە بىر نەۋرىسى شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى خوجا بۇزۇرۇك خان تۆرىنى ياقۇپبەگ قوشبېگى بىلەن بىللە قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىلاھلاشتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئىسھاقىيەچىلەرنىڭ ئاق تاغلىق نەسلى بولغان بۇزۇرۇكخان تۆرە سەلتەنەت ئوردا ئىشلىرىدا مايمۇننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان قوقان خانلىقىنىڭ ھەربىي ئاتامانى ياقۇپبەگ قوشبېگى تەرىپىدىن ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە ھەجسەپىرىگە ئەۋەتىۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخاننىڭ 7 ـ نەۋرىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان 1347 ـ يىلى مەۋلانە ئەرشىدىن خوجىنىڭ دالالىتى بىلەن مۇسۇلمانلىشىپ خوجىلار ئەۋلادلىرىغا شەيخۇلئىسلاملىق ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنى بەرگەندىن تارتىپ تاكى 1867 ـ يىلىدىكى بۇزۇرۇكخانغا قەدەر بولغان 600 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان سەمەرقەنت ـ بۇخارالىق سوپىزىم سۇلۇك تەلىماتىدىكى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ خانلىق ـ سەلتەنەتنى دىنىي ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن كونترول قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمنى يۈرگۈزۈشتەك قەدىمىي خانلىق ـ سەلتەنەت ئۇدۇمىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ مۇقەددەس ئەزىز تۇپراقتا ئوينىغان رولى خۇددى قاباھەتلىك مۇدھىش چۈشتەك ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرى سۈپىتىدە تارىم دەرياسىنىڭ قان ـ ياشلىق تارىخىغا ئايلىنىپ قالدى.

## ئاخىرقى سۆز

چاغاتاي موغۇل خانلىقى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ھەمدە ئۇنى ھۆكۈمران دىن قىلىپ بېكىتكەندىن باشلاپ، غەربىي يۇرتتا ئىسلام دىنى ئومۇملىشىپ، مەدەنىيەتتە يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويغانىدى. ئەمما مەۋلانە ئەرشىدىن، مۇھەممەد شېرىپ خوجا، مەخدۇم ئەزەم، مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دىنىي جەمەتنىڭ شىنجاڭدا ئىسلام سوپىزىم ئىدېئولوگىيە ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونى ئاساسەن ئىسلام ئىدېئولوگىيەسى ئاستىدا ياشاپ 1000 يىلغا يېقىن ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. لېكىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتى مەخدۇم ئەزەم جەمەتى، ئىشانىيە (قارا تاغلىق)، ئىسھاقىيە (ئاق تاغلىق) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپكە بۆلۈنگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى سوپىزىم دىنى سۇلۇك تەلىمات نەزەرىيەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئەينى دەۋرلەردىكى دەھرىي ھاكىمىيىتىنى تالىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەزھەپ سۇلۇك ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش تۇيۇق يولىغا كىرىپ قالدى. بەلكى ئەسلىدىكى تەقۋادارلىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، مېھرىبان ۋە سەممىي ـ ساداقەتلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاستىدىكى ئۇ-

يوشقاق بولغان دەۋر بىلەن تەڭ ماسلىشىپ داۋاملىق ئىلگىرلەيدىغان مەدەنىيەتلىك ئىسلامىزىم يولىدىن چەتنەپ، قانلىق مەزھەپ - توقۇنۇش پاتقىقىغا بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كىرىپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى نەچچە ئەسىر ئارقىغا چېكىندۈرۈۋەتتى.

شۇڭا، مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە سىرتتىن كەلگەن نەزەرىيەۋى تەلىماتلار ياكى مەزھەپ سۇلۇك تەرغىباتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن، بەلكى، بىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ توپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشىمۇ چاغلىق. بۇ نۇقتىنى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي رېئاللىقلار ئۆزى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ. ئۆتكەن تارىخلىرىمىزغا نەزەر سالساق، خەلق ئاممىسى نېمىنى ھىمايە قىلسا، نېمىنى قوللىسا ۋە نېمىنى ئارزۇ قىلسا، ھەمدە قايسى يولنى تاللىۋالسا شۇ بىزنىڭ ئۇلۇغ غايىمىز ۋە گۈزەل كېلەچىكىمىزدۇر. بۇ ئۆلمەس ھەقىقەت! خۇلاسە شۇكى: بىز ھەرگىزمۇ «سىرتتىكى موللام جىلڭ موللام، ياندىكى موللام جا موللام» دەيدىغان خاتا نۇقتىئىنەزەر كوچىسىغا كىرىپ قالماسلىقىمىز لازىم. مەيلى بىز بۇددىزىم دەۋرىدە ياكى ئىسلامىزىم دەۋرىدە تۇرايلى ياكى ئۈچ مەسلەك ئىدېئولوگىيەسى ۋە سوتسىيالىزم شارائىتىدا تۇرايلى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى، تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇشى ۋە تۈپكى مەنپەئىتى شۇنىڭدەك مەدەنىيەتتىكى يۈكسەك تەرەققىياتى بىزنىڭ گۈزەل غايىمىز ۋە ئارزۇيىمىز بولۇشى كېرەك. خەلقىمىز 21 - ئەسىردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى — تەلىماتىنى تاللىۋالغانىكەن، بىز چوقۇم بۇ يولدا قەتئىي ئىشەنچ بىلەن دادىل مېڭىشىمىز لازىم. دېمەك، بۇ يول — شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى ۋە گۈزەل غايىسىدۇر! يەنە شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىدۇر. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ زىيالىيسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنى توغرا تارىخىي تەرەققىيات يولىغا ۋە توغرا تەرەققىيات ئىستىقبالىغا يېتەكلەشىمىز، شۇنىڭدەك ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز لازىم.

**پايدىلانمىلار:**

ئاساسىي ماتېرىيال مەنبەسى «شىنجاڭ تارىخىي ئورنەكلىرى»دىن ئېلىندى.

**ئىزاھلار:**

[1] ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر كۇچا ناھىيەسىدە مەۋلانە ئەرشىددىن مازىرى نامى بىلەن داڭلىق.

[2] مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخى رەشىدىيە» 1 - قىسىم، 1983 - يىلى نەشرى، 164 - بەت.

[3] ئۇنىڭ قەبرىسى قورغاس ناھىيەسىدىكى ھازىرقى قەدىمىي ئالمىلىق خارابىسىدە.

[4] «توغلۇق تۆمۈرخان قىسسىسى»، چاغاتايچە قولىيازما.

[5] مىرزا ھەيدەر كوراگان: «تارىخى رەشىدىيە» 1 - قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى، 346 - بەت.

[6] ئۇنىڭ مازىرى ھازىرقى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ دۆڭمازاردا ئۇۋەيسخان مازىرى نامدا ساقلىنىپ قوغدالماقتا.

[7] «سالنامە»، روسچە تەرجىمىسى، 163 -، 165 - بەتلەر.

[8] «سالنامە»، روسچە تەرجىمىسى، 165 - بەت.

[9] مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي: «خوجىلار تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە قولىيازما).

[10] «سالنامە»، روسچە تەرجىمىسى، 176 -، 177 - بەت.

[11] «سالنامە»، روسچە تەرجىمىسى، 165 - بەت.

[12] «سالنامە»، ئىزاھلار، 252 - بەت.

[13] قومۇل شەھرى ئىچىدە ئاپپاق مازار — ئاق مەسچىت بار، ئاپتوردىن.

[14] «ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ دىن تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى، 12 - سان.

[15] مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي: «خوجىلار تەزكىرىسى».

[16] «ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى، 12 - سانغا قاراڭ.

[17] «ھىدايىتۇللا ھەزرەت تەزكىرىسى»، چاغاتاي يېزىقى قولىيازمىسى.

[18] «ئۇلۇغ خوجىلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى، 12 - سانغا قاراڭ.

[19] «ھىدايىتۇللا ھەزرەت تەزكىرىسى»، چاغاتاي يېزىقى قولىيازمىسى.

[20] مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي: «خوجىلار تەزكىرىسى»، 8 - سان.

[21] چۇن يۇەن قەسىردە يېزىلغان 71 جىلد. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»، 3 - توم.

ئاپتور: **باھارگۈل ئىمىن**: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتوتى فىلولوگىيە فاكولتېتى ئىدېيۋى - سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.

**ئابلىمىت مۇھەممەت** (ماڭلاي): ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## شەرەپسىزلەر

ئارىمىزدىكى بەزى شەرەپسىزلەر ھاۋانى بۇلغاپ، كەيىندىن ئۇنى تازىلاشقا نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلدۇ.

ئارىمىزدىكى بەزى شەرەپسىزلەر سۇ بايلىقىنى قەدىرلىمەي، سۇلارنى بۇلغاپ، كەيىندىن كېلىپ چىققان بىر قاتار مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلدۇ.

ئارىمىزدىكى بەزى شەرەپسىزلەر ھەمىشە قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ياكى قاتناشنى توسۇپ قويۇپ ۋە ياكى ئۇنداق - مۇنداق قاتناش ۋەقەلىرىنى سادىر قىلىپ قويۇپ، شۇنچە كۆپ قاتناش ساقچىلىرىنى ئاۋارە قىلدۇ.

ئارىمىزدىكى بەزى شەرەپسىزلەر دائىم كەلگەنلا يەرگە ئەخلەت تاشلاپ، شۇنچە كۆپ تازىلىق ئىشچىلىرىنى ئەتىدىن كەچكىچە تىنىم تاپماي تازىلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدۇ.

ئارىمىزدىكى بەزى شەرەپسىزلەر داۋاملىق ئۇيەر - بۇيەردە ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىش چىقىرىپ قويۇپ، كوچا - كوچىلارغا، رايون - مەھەللىلەرگە يېڭى - يېڭىدىن ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنى «كۆپەيتىپ» بېرىۋاتىدۇ.

ئارىمىزدىكى بەزى شەرەپسىزلەر چىرىكلىشىپ دېلو بېجىرگۈچىلەرنى كېچە - كۈندۈز دېلو ئىشلەشكە مەجبۇر قىلماقتا. بىر پارىخور ئەمەلدارنى تەكشۈرۈش، تۇتۇش، سوتلاش قاتارلىق ئىشلارغا قانچىلىغان مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىلىرى، قانچىلىغان ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىملىرى، ساقچى - سوتچىلار «خىزمەت» قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمامدۇ؟

ئارىمىزدىكى بەزى شەرەپسىز سولتەكلەر يەڭگىلتەكلىك بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ قويۇپ، تۈرمە دېگەننى لىققىدە توشقۇزۇپ، شۇنچە كۆپ ساقچىنى ئۆزلىرىنىڭ «ھالىدىن خەۋەر ئېلىش»قا مەجبۇر قىلماقتا...

مۇبادا ئۇ شەرەپسىزلەر ھاۋانى بۇلغىمىغان بولسا، ئۇنى تازىلاشقا سەرپ قىلىنغان تالاي پۇللار تېجىلىپ قالغان بولاتتى.

مۇبادا ئۇ شەرەپسىزلەر سۇ مەنبەلىرىنى بۇلغىمىغان بولسا، بۇلغىمىلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا كەتكەن نۇرغۇن

### تەرجىمە كۆزنىكى

پۇللار تېجىلىپ قالغان بولاتتى.

مۇبادا ئۇ شەرەپسىزلەر قاتناش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغان بولسا، نۇرغۇن قاتناش ساقچىلىرىنىڭ كۈچى تېجەلگەن بولاتتى.

مۇبادا ئۇ شەرەپسىزلەر كەلگەنلا يەرگە ئەخلەت تاشلىمىغان بولسا، مۇھىت ئاسراش خادىملىرىنىڭ نۇرغۇن كۈچى تېجەلگەن بولاتتى.

مۇبادا ئۇ شەرەپسىزلەر قالايمىقان ئىش چىقارمىغان بولسا، ئامانلىق ساقلىغۇچىلارنىڭ نۇرغۇن كۈچى تېجەلگەن بولاتتى.

مۇبادا ئۇ شەرەپسىزلەر چىركىلەشمىگەن بولسا، نۇرغۇن دېلو بېجىرگۈچىلەرنىڭ كۈچى تېجەلگەن بولاتتى.

مۇبادا ئۇ شەرەپسىزلەر تۈرمىگە كىرمىگەن بولسا، نۇرغۇن تۈرمە خىزمەتچىلىرىنىڭ كۈچى تېجەلگەن بولاتتى...

ھازىر نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ كېتىشنى ئېچىندۇرۇپ، مانا مۇشۇنداق شەرەپسىزلەرگە سەرپ قىلىنماقتا. مۇبادا بۇلارغا سەرپ قىلىنغان ئىقتىساد ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن بولسا، بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىمىز نەقەدەر ياخشى بولغان، بەخت كۆرسەتكۈچىمىز ئاجايىپ ئاشقان بولاتتى.

دەۋر تەرەققىي قىلدى، ئاشۇ شەرەپسىزلەرگە بېرىلىدىغان جازانى ھەسسىلەپ ئېغىرلىتىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىتىش كېرەك. مۇكاپات - جازا ئېنىق بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇھىتنى، سۇ بايلىقىنى بۇلغىمىغان، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلمىغان، قالايمىقان ئەخلەت تاشلىمىغان، ئىش تېرىمىغان، چىركىلەشمىگەن، تۈرمىگە كىرمىگەنلەر... ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ياردەم پۇلىدىن بەھرىمان بولىشى، بۇ ھەم ئىجتىمائىي ئادىللىق ئۆلچىمىگە كىرگۈزۈلىشى كېرەك.

قەدىمكى زاماندا، بىرەيلەن ئىككى كومزەك سېتىۋاپتۇ. بىرىگە ھەر قېتىم يامان ئىش قىلسا بىرتال قارا پۇرچاق سالىدىكەن، يەنە بىرىگە ھەر قېتىم ياخشى ئىش قىلسا بىرتال قىزىل پۇرچاق سالىدىكەن. دەسلەپىدە قارا پۇرچاق كۆپىيىپتۇ، كېيىن قارا - قىزىل پۇرچاق تەڭلىشىپتۇ، بارا - بارا قىزىل پۇرچاق كۆپىيىپتۇ...

شۇنداق، قانۇن بار، ئەمما شەرەپسىزلەردە ئاڭلىقلىق يوق! ئۆزىمىزدىن ھەر ۋاقىت «مەن شەرەپسىزلىشىۋاتامدىم يوق؟» دەپ سوراپ تۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

بېجىيالوڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «ئالاھىدە تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2015 - يىلى 8 - ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن **شەمسنۇر تۇرغۇن زىلتار** تەرجىمىسى.

تىلماچ: يەكەن ناھىيەلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.

## ئۆچ - ئاداۋەتنى مۇزغا ياز

1934 - يىلى 7 ياشلىق گارسىيا ماركوز كولۇمبىيەنىڭ پايتەختى بوگوتا شەھىرى ئەتراپىدىكى مومىسىنىڭ قورۇسىدا ئويناۋاتاتتى. تۇساتتىن ئۇ مومىسىنىڭ ئۇستىبىشى لاي، يۈز - كۆزلىرى قانغا بويالغان ھالدا ناھايىتى تەستە ئاقساپ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ماركوز دەرھال مومىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى يۆلىگەچ، ھەيران بولغان ھالدا سورىدى:

— موما، نېمە بولدىڭىز؟

— ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كەتتىم، — دېدى موماسى تەستە كولۇمسىرەپ تۇرۇپ، پۇتلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ.

— سىز ئاۋۋال يۈز - كۆزلىرىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ، پۇتىڭىزنى مەن ئۇۋۇلاپ قوياي، — دېدى ماركوز دەرھال بىر داس سۇ ئېلىپ كىرىپ.

يۈزىنى يۇيۇپ، كېيىمنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مومىسى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوت - چۆپ تالالىرىدىن توقۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ماركوزغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىشنى باشلىدى. ھەش - دېگۈچە قاراڭغۇ چۈشتى.

— بالام، بۈگۈنكى ھېكايىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، سەن سىرتقا چىقىپ دوستلىرىڭ بىلەن بىردەم ئويناپ كىرگىن، مەن تاماققا تۇتۇش قىلاي، — دېدى مومىسى ماركوزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، مۇلايىملىق بىلەن. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقسىغىنىچە ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

مومىسىنىڭ قىينىلىپ، تەستە مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ماركوزنىڭ قەلبى ناھايىتى ئازابلىنىپ، «خېلى ئېغىر يىقىلىپتۇ - دە!» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ماركوز ھويلىدىن چىقىپ، دوستلىرىدىن گانكارپىس

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىلەن ئەلىياسنىڭ چىملىقتا توپ تېپىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىككى دوست ماركوزنى كۆرۈپلا، توپ تېپىشتىن توختاپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن هالدا سورىدى:

— ماركوز، موماڭنىڭ قانداق يارىلانغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— ئېهتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كېتىپتۇ. بەلكىم، بىر قانچە كۈندىن كېيىن ياخشى بولۇپ قالار، — دېدى ماركوز كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا.

— موماڭ يىقىلىپ كەتمىدى، — دېيىشتى دوستلىرى جىددىيلەشكەن هالدا، — ۋاسسىلىي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كىچىك ئوغلى ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى، بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق!

— ۋاسسىلىينىڭ دېيىشىچە، — دېدى گانكارېيىس ئۇلاپلا، — سىلەرنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ توخۇلىرى ئۇلارنىڭ كۆكتاتلىقىغا كىرىپ، كۆكتاتلارنى ئوغرىلىقچە يەۋاپتىمىش. موماڭ: «ۋاسسىلىي ئەپەندى، بىز توخۇ باقمىغان، چوقۇم خاتالاشتىڭىز!» دېۋىدى، دەل شۇ پەيتتە ۋاسسىلىينىڭ كىچىك ئوغلى ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، هېچ گەپتىن هېچ گەپ يوقلا، موماڭنى يەرگە ئىتتىرىۋېتىپ، پۇتىغا بىر نەچچىنى تېپىۋەتتى. بىز هەممىمىز كۆرۈپ تۇردۇق. كېيىن، بىز موماڭنى يۆلىدۇق، موماڭ ئۆزۈم كىرىپ كېتەلەيمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. موماڭ تېخى يەنە بىزگە هېچكىمگە دېمەڭلار، دەپ تاپىلىدى.

ماركوزنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى-دە، يۈگۈرۈپلا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، هويلىدىن يوغان بىر كالتەكنى قولىغا ئېلىپ، غەزەپ بىلەن هويلىدىن سىرتقا ئېتىلىپ چىقىشقا تەمشەلدى. دەل شۇ پەيتتە مومىسى ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا توۋلىدى:

— بالام، نېمە قىلماقچىسەن؟!

— مەن چىقىپ ۋاسسىلىينىڭ كىچىك ئوغلىنى تېپىپ، تۈزۈك هېساب - كىتاب قىلىشىمەن، ئۇ بايا سىزنى ئۇرۇپتۇ، ئۆزۈم بىر ئەدىبىنى بېرىپ قويمىسام ئۇ هارىمىنىڭ!

— قايتىپ كەل، سەن نېمىشقا خەق بىلەن ئۇرۇشىسەن؟ بۇنداق قىلساڭ، چۆچەكلەردىكى كاللىسىنى ئىشلەتمەي، قارىسىغىلا ئىش قىلىدىغان نادانلارغا ئوخشاپ قالامسەن؟

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ مۇشۇنداقلا بولدى قىلىۋېتەمدۇق؟ — دېدى ماركوز يىغلامسىراپ تۇرۇپ.

— بۇياققا كېلىپ، گېپىمنى ئاڭلىغىن! — دېدى مومىسى مېهرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ. ماركوز ئىككى قولىدا كالتەكنى چىڭ تۇتقان هالدا، ئاستا-ئاستا مومىسىنىڭ يېنىغا كەلدى . مومىسىنىڭ چىرايىدىن مۇلايىملىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئانىلارچە مېهرى بىلەن ماركوزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

— بالام، سەن ئۆچ - ئاداۋەتنى مۇزغا يازغىن، بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جازا.

— ئۆچ - ئاداۋەتنى مۇزغا يازسام، بىرلا ئاپتاپ چىقسا، مۇز ئېرىپ كەتمەمدۇ؟ مۇزغا يازغان ئۆچ - ئاداۋەتمۇ يوقاپ كەتمەمدۇ؟

— سەن هەقىقەتەن ئەقىللىق جۇمۇ، قوزام! ساڭا سۆزلەپ بەرگەن «كۆك رەڭلىك پەرىشتە ۋە ئالتە ئالۋاستى» دېگەن هېكايە ئېسىڭدىمۇ؟ كۆك رەڭلىك پەرىشتىلەر هەر قېتىم ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغاندا، ئۆچمەنلىكنى مۇزغا يازىدىكەن. قۇياش كۆتۈرۈلگەن هامانلا مۇز ئېرىپ، ئۆچمەنلىكمۇ يوقىلىدىكەن. كىچىك ئەزىمەتلەر كۆڭلىدىكى ئاداۋەتنىمۇ ئۇنتۇيدىكەن-دە، تولۇپ-تاشقان جاسارەت ۋە پاراسەت بىلەن ئاۋامنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلىنىدىكەن. بايا ۋاسسىلىي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كىچىك ئوغلى مېنى مۇنداقلا ئىتتىرىپ قويغانىدى، مېنىڭ يېشىم چوڭىيىپ قالغان بولغاچقا، يىقىلىپ چۈشتۈم. بىردەمدىن كېيىن، ئۇلار هەققي ئەهۋالنى بىلىپ، چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ. بالام، ئاداۋەتنى ئۇلغايتىۋەتمە. ئەقىللىق ئادەملەرلا ئۆچمەنلىكنى مۇزدەك ئېرىتىۋېتەلەيدۇ.

ماركوز مومىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى... ماركوز مومىسىنىڭ ئەنە شۇنداق كىشىنىڭ قەلبىنى هاياجانغا سالىدىغان تەسىرلىك هېكايىلىرىنى ئاڭلاپ، ئاستا-ئاستا چوڭ بولدۇ. ئۇ بىلىپ - بىلمەيلا، يېزىقچىلىقنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇ، هەمدە ناهايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ تۇغما تالانتىنى ئاشكارىلايدۇ. 15 يېشىدا كولۇمبىيە ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى هەممىلا ئادەمگە تونۇشلۇق داڭلىق يازغۇچى بولۇپ قالدۇ. ئۇنىڭ سېهرىي رېئالىزىم ئۇسلۇبىدىكى ئەسەرلىرى كىتابخانىلار قەلبىدە ناهايىتى چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ.

ماركوز: «مومام تولىمۇ ئەقىللىق ئايال ئىدى، ئۇ مېنى چەكسىز ئىجادىيەت مەنبەسى ۋە خام ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن» دەيدۇ. 1982 - يىلى گارسىيا ماركوز نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا ئۇ چوڭقۇر هېسسىيات بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

— مومام ماڭا مۇنداق دەيتتى: «بىر ئادەم پەقەت

ئۆچ ـ ئاداۋەتنى مۇزغا يازالىغاندىلا، ئاندىن، ئېغىر يۈكتىن يېنىكلەپ ئالغا باسالايدۇ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىشلىرىنى تېخىمۇ ياخشى قىلالايدۇ». ئېزىلىش، تالان ـ تاراج ۋە كەمسىتىش ئالدىدا بىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، «داۋاملىق ياشىشىمىز كېرەك». ھەرقانداق سۇ ئاپىتى، يىرتقۇچ ھايۋانلار، ۋابا، ئاچارچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ھەتتا يۈز يىللىق ئۇرۇشمۇ، ھاياتلىق جېڭىدە غەلبىنىڭ ئۆلۈم ئۈستىدىن غالىپ كېلىدىغانلىقىدەك ئارتۇقچىلىقىنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ.

لياڭ شۈ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «مىكرو ھېكايىلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2015 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن **ئەھەت داۋۇت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: كۇچا ناھىيەلىك «قوش تىل» ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش مەركىزىدە

# ئەڭ مۇھىمى ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولۇپ قالماسلىق

سىياسىئونلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ، مېنىڭچە، ئوتتۇرغا قويۇلغان پروگرامما ئۇلۇغۋارمۇ ياكى ئەمەسمۇ بۇنى دىمەيلا تۇرايلى، ئالدى بىلەن لوگىكىغا بەكراق ئەھمىيەت بېرىشنى بىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق يېقىندا ئاخبارات ۋاستىسىدا رۇسىيەدىكى ھاكىمىيەت بېشىدا بولمىغان مەلۇم بىر سىياسىي پارتىيەنىڭ بىر رەھبىرىنىڭ «مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابى»نى ئوقۇپ قالدىم. بۇ سىياسىئونىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ باش ـ ئاخىرى بەكمۇ زىددىيەتلىك بولۇپ، مەندەك بىر «چەت ئەللىك»مۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن جىددىيلىشىپ قالدىم. ئىنچىل ھالدا «ئاجىزلار تويى»غا ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىم، يارامسىزلىققا ئۆچ بولغانلىقىم ئۈچۈن «تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد» پرىنسىپى ئاستىدا بۇ يەردە تەكلىپ بېرىپ ئولتۇرۇپتىمەن، ئەگەر تەكلىپىم خاتا بولۇپ قالسا ئۇنىڭمۇ تەنقىدىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

ماڭا زىددىيەتلىك بىلىنگەن مۇنداق بىر جۈملە بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېگەن: «زادى قايسى سەۋەپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت شۇنچە ‹ئۇلۇغ ھەم قۇدرەتلىك دۆلەت›نىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟» (نۇر گېزىتى 2014 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن، تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇنداق). ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىدە سۆزلەنگەن مەزمۇنغا ئاساسلانغاندا، بۇ جۈملە «مۇرەككەپ بايان»غا تەۋە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئۇلۇغ، ھەم قۇدرەتلىك» ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلغانلىق بولىدۇ. ئەمما غەلىتە يېرى شۇكى، بۇ دۆلەت شۇنچە «قۇدرەتلىك»، شۇنداقلا «ئۇلۇغ» تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا نەچچە ئون يېشىدىلا «ھالاك بولىدۇ؟» بۇ زىددىيەتلىك ئەمەسمۇ؟ دۇنيا تارىخىدىكى خالىغان بىر نەچچە «مەشھۇر، قۇدرەتلىك دۆلەت»لەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، غەرپتىكى رىم ئىمپېرىيەسى 400 يىلدىن ئارتۇق دەۋر سۈردى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيەسى 1000 يىلدىن ئارتۇق دەۋر سۈردى. ئەنگلىيەگە 300 يىلدىن ئاشتى، ئامېرىكىغىمۇ 200 يىلدىن ئاشتى( ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. يەنە نەچچە يىلغىچە دەۋر سۈرۈشىنى بىلگىلى بولمايدۇ). بىزنىڭ شەرقتىكى خەن ۋە تاڭ سۇلالىسىمۇ ھەرقايسىسى نەچچە يۈز يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن. پەقەت نامى ئانچە ياخشى بولمىغانلىق سەۋەبىدىن ھېلىقى تارىخشۇناس تەرىپىدىن «ئۇلۇغ» دەپ ئاتىلالمىغان يۈەن ئىمپېرىيىسىلا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆمۈرى ئانچە جىق پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ(89 :74).

ئۇلاپلا ئۇ يەنە مۇنداق مىسال ئالغان: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلگىرى ئۇلۇغ ، قۇدرەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى شۇكى، ئۇ ئىلگىرى نۇرغۇن تەرەپلەردە شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيانى فاشىزمنىڭ ئاسارىتىدىن خالاس قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدى بىلەن ئالەم بوشلۇقىغا قەدەم باسقان، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى ئىنتايىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن.» ھەر ھالدا جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردىكى خەلق ئورتاق ھالدا قانلىق كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيەدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ فاشىستىك دۆلەتنى مەغلۇپ قىلغان، بىراق بۇ يەردە پەقەت «سوۋېت ئىتتىپاقىلا دۇنيانى فاشىزمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇردى» دېيىلىپتۇ. بۇ ئەسلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ بىلىدىغان ئەقەللىي ساۋات بولۇپ، بىزدەك چوڭ ئادەملەرنىڭ بۇ يەردە مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرىشىمىزنىڭ ئانچە ھاجىتى يوق ئىدى.

يەنە كېلىپ، سوۋېت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەختلىك بولمىغان. ستالىن دەۋرىدىكى «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش» ھەرىكىتىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان نەچچە مىليۇن سوۋېت پۇقراسىنىڭ ئىشىنى دېمەيلا تۇرايلى، يەنە سوۋېت چېگراسى ئىچىدە كەڭ تارقالغان گۇلاگېي جازا لاگېرىنىڭ ئىشىنىمۇ دېمەيلا تۇرايلى، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ ھالاك بولغان ۋاقىتتا ئىككى يۈز مىليۇندىن ئارتۇق سوۋېت خەلقى «پەرۋامۇ قىلىپ قويماستىن» «بۇ بىنانىڭ گۇمۇرۇلىشىگە» قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا بۇ يەردە مەسىلە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر راستىنلا تۇرمۇشى «بەختلىك» بولسا، نېمىشقا بارلىق سوۋېت خەلقى دۆلىتىنىڭ «قىيىن كۈنگە قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ياردەم قىلمايدۇ؟»، نېمىشقا ھالاك بولۇشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرىدۇ؟ پۇتىن دائىم ئامېرىكا بىلەن قېيىدىشىپلا تۇرىدۇ، شۇڭا نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. بىراق، دەل موشۇ بۈگۈنكى رۇسىيەنىڭ ئەلبېشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بەرگەن باھاسىمۇ «ئۇلۇغ» ئەمەس، «قۇدرەتلىك» تېخىمۇ ئەمەس: سوۋېت ھاكىمىيىتى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزالمىغان، جەمئىيەتنى باياشات، خەلقنى ھۆر قىلالمىغان... يېقىنقى 70 يىلدا تۈيۈق يولغا قاراپ تەرەققىي قىلغان، بۇ يول ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ داغدام يولىدىن چەتنەپ كەتكەن. (شىنخۇا تورى 2007 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) شۇڭا بۇ يەردە «ئۆزى يالغۇز فاشىستلارنى مەغلۇپ قىلدى»، «تۇرمۇشى بەختلىك» دېگەنلەردىن ئېغىز ئاچماي تۇرۇپ، باشقا گەپكە كېلەيلى. «ئەڭ ئاۋۋال ئالەم بوشلۇقىغا چىقتى». بۇنىسى راست. دائىم باشقىلار مۇشۇ ئىشى ئارقىلىق ماختىنىدۇ، بىراق مېنىڭ ئەسكەرتمەكچى بولغىنىم، بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى سۈنئىي ھەمراھ ياساش ئۇستىسى، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ئاتىسى» كىلولىياۋفۇ، ئەسلى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن «ئەكسىلئىنقىلابچى» نامى بىلەن تۇتۇپ كېلىنىپ، گۇلاگېي تۈرمىسىگە قامالغان. تۈرمىدە ئۇ مۇھىم لايىھەسى «گۇلاگېي: بىر بۆلۈك تارىخ»نى تاماملىغان. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ «بەختلىك» ئەمەسلىكىنىڭ بىر كارتىنىسى. ئىككىنچىدىن، پەقەت تېخنىكا جەھەتتىكى مەلۇم ئىلغارلىق بىلەنلا «ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك دۆلەت» دېگەن باھانى ھەرگىزمۇ بىر يەرگە قويۇشقا بولمايدۇ. ئەسلەپ باقىدىغان بولساق، ئازراق تارىخ بىلىمى بار ئادەم گېرمانىيە ناتسىستلىرىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايدۇ، ئۇلار ئەسلىدە ناھايىتى قۇدرەتلىك، پەن ـ تېخنىكا ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى، ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان سىنارەد ۋە رېئاكتىپ ئايروپىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان، تېخنىكا جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كېيىن ياسالغان سۈنئىي ھەمراھ بولسا باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان سىنارەدنىڭ «بالىسى» خالاس. بىراق، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ناتسىست گېرمانىيەسىنى كۈچلۈك دۆلەت دېيىشكە بولسىمۇ، ئەزەلدىن ھېلىقى مەسئۇلىيەتچان تارىخشۇناس ئەپەندىمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئېنىقلىما بېرىپ، ناتسىست گېرمانىيەسىنى ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك دۆلەت دەپ مەدھىيىلىمىگەن. چۈنكى، ئۇ پەقەت ئون نەچچە يىللا مەۋجۇت بولۇپ، ئېچىنىشلىق ھالاك بولغان ئىدى.

بىر ـ ئىككى دانە «ئەڭ ئالدى بىلەن» تېخنىكا نەتىجىسى ئۈچۈن بۇ دۆلەت «ئۇلۇغ» بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا ئامېرىكا «ئەڭ ئالدى بىلەن» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن كۆپ نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايروپىلان، ئاتوم بومبىسىدىن تارتىپ، كومپيۇتېر، ئەقلىي يانفون قاتارلىق ساناپ تۈگەتكۈسىز نەرسىلەر بار بولۇپ، ھازىرغىچە دائىم «ئەڭ ئالدى بىلەن» بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ لوگىكىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنى «ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك دۆلەت» دەپ ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. بۇنداق ئېتىراپ قىلىشتا لوگىكا جەھەتتىن ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىسىمۇ، بىراق بۇ خىل ئېتىراپ قىلىش سىياسىي ساھەدە «توغرا» بولامدۇ؟ بىلىش كېرەككى، ئومۇمەن «يۈكسەك باھا بېرىدىغان» سوۋېتلىك ئەپەندىم «يۈكسەك باھا» بىلەن ئامېرىكىغا قەبىھ ئامېرىكا دېيىشتىن يانمايدىغاندەك قىلىدۇ.

ئومۇمەن، بۇ يولداش ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىگە ئازراقمۇ ئاساس تاپالماي قالغاندا، مۇخبىرغا «رۇسىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى» ئېيتىدۇ. ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانكى، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى «ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك دۆلەت» بولسىمۇ، لوگىكا بويىچە بولغاندا ئۇنداقتا ھەرگىزمۇ كەينىگە قايتىشنى خالىماسلىقى ھېچقانداق سەۋەپ قالمايدۇ. بۇ يەنە بىر زىددىيەتلىك تەرەپ. بۇ سىياسىئون راستىنلا قىزىقكەن، بۇ خىل لوگىكا راستىنلا قىزىقارلىقكەن.

---

خۇجىجۇەن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» (杂文月刊)نىڭ 2014 ـ يىللىق 8 ـ سانىنىڭ كېيىنكى يېرىم ئايلىق سانىدىن **ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى

# بىر ئادەمنىڭ كەچۈرمىشى

1809 - يىلى تىپتىنچ دالىدىكى كىچىكىنە غېرىبانە كەپىدە دۇنياغا كەلگەن.

1816 - يىلى يەتتە ياشقا كىرگەندە پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، جاپا - مۇشەققەتلىك يوللارنى مېڭىپ، چەكسىز داللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرى بىر گەمە تاپقان.

1818 - يىلى توققۇز ياشقا كىرگەندە، ئەمدىلا 34 ياشقا كىرگەن ئانىسى بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.

1826 - يىلى17 ياشقا كىرگەندە ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىغان بولغان، دائىم باشقىلارغا كۆڭۈلۈك مەدىكار بولۇپ ئىشلىگەن.

1827 - يىلى 18 ياشقا كىرگەندە ئۆزى باشقىلارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان كىچىك كېمە ياسىغان.

1831 - يىلى 22 يېشىدا سودىدا مەغلۇپ بولغان.

1832 - يىلى 23 يېشىدا شتات پارلامېنت ئەزالىق سايلىمىغا قاتنىشىپ، سايلامدا مەغلۇپ بولغان. قانۇن ئىنستوتىغا كىرىپ قانۇن ئۆگەنمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىراق كىرەلمىگەن.

1833 - يىلى 24 يېشىدا دوستىدىن قەرز ئېلىپ سودا قىلغان، بىراق يىل ئاخىرىدا ۋەيران بولغان. ئاخىرى 16 يىل ۋاقىت سەرىپ قىلىپ، بۇ قەرزنى ئاران قايتۇرۇپ بولغان.

1834 - يىلى 25 يېشىدا يەنە بىر قېتىم شتات پارلامېنت ئەزالىق سايلىمىغا قاتنىشىپ، ئويلىمىغان يەردىن غەلبە قىلغان.

1835 - يىلى 26 يېشىدا تويغا چاي ئىچۈرۈپ بولۇپ، ئەمدى توي قىلاي دېگەن ۋاقىتتا، بولغۇسى ئايالى ۋاپات بولۇپ، يۈرىكى ئازابتىن پارە - پارە بولۇپ كەتكەن.

1836 - يىلى 27 يېشىدا روھىي جەھەتتە پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىپ، ئاغرىپ 6 ئاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان.

1838 - يىلى 29 يېشىدا، پارلامېنت ئەزاسىنىڭ باياناتچىسى بولۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، بىراق مەغلۇپ بولغان.

1840 - يىلى 31 يېشىدا سايلامغا قاتنىشىشنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق سايلامدا مەغلۇپ بولغان.

1843 - يىلى 34 يېشىدا، پارلامېنت چوڭ سايلىمىغا قاتنىشىپ يەنە مەغلۇپ بولغان.

1846 - يىلى 37 يېشىدا، پارلامېنت چوڭ سايلىمىغا قاتنىشىپ غەلبە قىلغان.

1848 - يىلى 39 يېشىدا داۋاملىق پارلامېنت ئەزاسى بولماقچى بولغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولغان.

1849 - يىلى 40 يېشىدا ئۆزى تۇرۇشلۇق شتاتتا يەر - زېمىن ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولماقچى بولغاندا رەت قىلىنغان.

1854 - يىلى 45 يېشىدا كېڭەش پالاتا ئەزالىق سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىپ مەغلۇپ بولغان.

1856 - يىلى 47 يېشىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق نامزاتىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئېرىشكەن بېلىتى 100 گىمۇ يەتمىگەن.

1858 - يىلى 49 يېشىدا يەنە كېڭەش پالاتا ئەزالىق سايلىمىغا قاتنىشىپ يەنە مەغلۇپ بولغان.

1860 - يىلى 51 يېشىدا، ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان.

ئۆز تارىخىدىن چىقارغان خۇلاسىسى: ئائىلە ئەھۋالى ناچار، ئانىسى بۇرۇنلا قازا قىلىپ كەتكەن، غېرىپلىق بىلەن كۈرەش قىلغان، كەلگۈلۈك توختاپ قالمىغان، ئىككى قېتىم سودا قىلىپ ئىككىلا قېتىم مەغلۇپ بولغان، 11 قېتىم سايلامغا قاتنىشىپ 8 قېتىم مەغلۇپ بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن قەلبى يارىلانغان، ئازاپ چەككەن، نۇرغۇن قېتىم ۋەيران بولغان چاغدىكى ئۈمىدسىزلىكلىرى چېكىگە يېتىپ، ئۆزىنىڭ يەنە ئورنىدىن تۇرالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن.

ئۆز - ئۆزىگە بەرگەن باھاسى: گەرچە يۈرىكىم پارە - پارە بۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئاۋالقىدەكلا ئوتلۇق ئىدى، گەرچە ئازاپلانغان بولسامۇ، بىراق ئاۋالقىدەكلا سالماق ئىدىم، گەرچە ۋەيران بولغان بولسامۇ، بىراق ئاۋالقىدەكلا ئۈمىدۋار ئىدىم، چۈنكى، مەن ئۆزۈمگە قەتئىي ئىشىنەتتىم. نۇرغۇن قېتىملىق مەغلۇبىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى: مەغلۇپ بولغانسىرى كۈرەش قىلىش، قەتئىي ۋاز كەچمەسلىك.

ئۇ بولسىمۇ ئامېرىكىنىڭ 16 - نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى، پۈتۈن دۇنيا قول قويىغان ئەرباب — لىنكولىندۇر.

ۋاڭ جيۇ ئىمزالىقدىكى بۇ يازما «تاللانغان فېلىيەتۇنلار» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىللىق 8 - سانىنىڭ كېيىنكى يېرىم ئايلىق سانىدىن

**ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى

# بۇنداق تەربىيەنى سىڭدۈرۈۋاتقان زادى كىم؟

جىيەن ئوغلۇم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا، تارىخ ئىمتىھانىدا مۇنداق بىر سوئال چىقىپتۇ. «چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى ئوگداي مىلادىيە قانچىنچى يىلى ۋاپات بولغان؟ ئۇ ئۇرۇش قىلىپ ئەڭ يىراق بولغاندا نەگىچە بارالىغان؟»». بۇ سوئالغا ئۇ جاۋاب بېرەلمەپتۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ماتېرىيال تېپىشىپ بەرگەن ئىدىم، شۇڭا ئۇنىڭ جاۋابى ھازىرغىچە ئېسىمدە. يەنى ئۇ ھازىرقى ۋېنگرىيەگە بېرىپتىكەن.

بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە، مەن ئامېرىكىنىڭ دۇنيا تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مۇشۇ تېمىدىكى باشقىچەرەك چىقىرىلغان بىر ئىمتىھان سوئالىنى بايقاپ قالدىم. بۇ سوئال مۇنداق ئىدى: چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسى ئوگداي ئەگەر ئەينى چاغدا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، ياۋروپادا قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرەتتى؟ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىن تەھلىل قىلىڭ.

بەزى ئوقۇغۇچىلار مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ. موڭغۇللارنىڭ بۇ داھىيسى ئەگەر ئەينى چاغدا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنداقتا قورقۇنۇچلۇق چۇما كېسىلى ياۋروپادا پەيدا بولمىغان بولاتتى. كېيىن بىلىشىمىزچە ئۇ كېسەل چاشقانلار تېنىدىكى بۈرگىدىن پەيدا بولىدىغان چۇما ئىكەن. بىراق، 600 يىل ئىلگىرى چۇما كېسىلى ياۋروپادا تازا يامرىغان چاغدا، ئۇنىڭ چۇما دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كىم بىلگەن؟ ئەگەر چۇما كېسىلى بولمىغان بولسا، پوپ ئاتا بىلەن ئايال مۇناخ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولاتتى. ئەگەر پوپ ئاتا بىلەن ئايال مۇناخ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، كىشىلەر تەڭرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن گۇمانلانمىغان بولاتتى. كىشىلەر تەڭرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن گۇمانلانمىغان بولسا، ئىتالىيەنىڭ فلورېنسادا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى بولمىغان بولاتتى. ئەگەر ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى بولمىغان بولسا، ئىسپانىيە،جەنۇبىي ياۋروپا بۇنچە كۈچىيىپ كەتمىگەن، ئىسپانىيە دۈشمەنسىز فلوت قۇرۇپ چىقالمىغان بولاتتى. ئەگەر ئىسپانىيە، ئىتالىيە بۇنچە كۈچىيىپ كەتمىگەن بولسا، ئانگلو - ساكسون 200 يىل بۇرۇنلا كۈچەيگەن، گېرمانىيە ئوتتۇرا ياۋروپانى كونترول قىلغان، ئاۋستىرىيە - ۋېنگرىيە ئىمپېرىيەسى مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى.

ئوقۇتقۇچى بىر قاراپلا: «قالتىس، ياخشى تەھلىل قىپسىز» دەپتۇ. بىراق ئۇلار نومۇر قويماي، A بەلگىسىلا قويۇپ قويۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىمتىھان سوئالىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى يوق بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خالىغانچە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىكەن.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ياپونىيەگە باردىم. ياپونىيە دائىم بىز بىلەن تارىخىي مەسىلىلەردە چاتاق چىقىرىپلا تۇرىدىغان بولغاچقا، مەن ئۇلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدىم.

ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق بىر تاپشۇرۇق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. «ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ھەر يۈز يىلدا بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىدۇ. 19 - ئەسىردە ياپونىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئۇرۇشتى (جياۋۇ ئۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ). 20 - ئەسىردە يەنە بىر قېتىم جۇڭگو ياپونىيە ئۇرۇشى بولدى (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ). ئەگەر 21 - ئەسىردە ياپونىيە بىلەن جۇڭگو ئۇرۇش قىلىپ قالسا، سىزنىڭچە بۇ ئۇرۇش قاچانلاردا يۈز بېرەر؟ مۇمكىنچىلىكنىڭ يىراق سەۋەبى ۋە يېقىن سەۋەبى نېمە؟ ئەگەر ياپونىيە غەلىبە قىلسا،قەيەردە غەلىبە قىلالار ؟ئەگەر مەغلۇپ بولسا قانداق شارائىت ئاستىدا مەغلۇپ بولىدۇ؟ تەھلىل قىلىڭ.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى ئوقۇغۇچىلار مۇنداق تەھلىل قىلغان: بىزنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بەلكىم تەيۋەن جۇڭگوغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ۋەتەن بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، بىر مەيدان كەسكىن ئۇرۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر تەيۋەن جۇڭگوغا قايتىپ كەلسە جۇڭگو كېلۇڭ بىلەن گاۋشيۇڭنى قامال قىلىدۇ. تەيۋەن دېڭىز بوغۇزى جۇڭگونىڭ ئىچكى دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. بىزنىڭ ماي پاراخوتلىرىمىز ھەممىسى كېلۇڭ ۋە گاۋشيۇڭنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ماڭىدىغان بولغاچقا، بۇ ياپونىيەنىڭ ماي توشۇش تەننەرخىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بىزنىڭ نېفتلىرىمىز پېرسىيە قولتۇقىدىن چىقىپ ھىندى ئوكياندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مالۇجىيا دېڭىز بوغۇزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دېڭىزىغا چىقىپ، تەيۋەن دېڭىز بوغۇزىدىن ئاتلاپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا كىرىپ ئاندىن ياپونىيەگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ نېفتنىڭ جان تومۇرى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەگەر تەيۋەن دېڭىز بوغۇزىنى

قامال قىلسا، ئۇنداقتا بىزنىڭ يۈك پاراخوتلىرىمىز چوقۇم ئۇ يەردىن ئۆتسە كېرەك. بۇ چاغدا بىزنىڭ كاپىتال، كېمە ۋە قوغلىغۇچى پاراخوتلىرىمىز چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. جۇڭگونىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ياپونىيەنىڭ ئەسكەر چىقارغىنىنى كۆرۈپلا دەرھال ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. شۇڭا بىز ھازىردىن باشلاپ جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك.

باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرىنىمۇ كۆردۈم. ھەممىسى ئاساسەن جۇڭگو بىلەن ياپونىيەنىڭ سۈركىلىشى ئوتتۇرا دېڭىزدىن تارتىپ تەيۋەن بوغۇزىدا باشلىنىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

بۇ خىلدىكى سوئال ـ جاۋاپلار بەكلا قورقۇنۇچلۇق ئىدى.

بۇنداق مەسىلىلەرگە سىياسىي ئامىللارنى قايرىپ قويۇپ قارىغانلىقىمىزدىن بىزنىڭ تارىخ ئوقۇتۇشىمىزدا زور مەسىلە بار. بىزنىڭ تارىخ كىتاپلىرىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساق، سوئاللار مۇنداق چىقىرىلىدۇ: جياۋۇ ئۇرۇشى قاچان پارتلىغان؟ قانداق شەرتنامە ئىمزالانغان؟ قانچىلىك يەر كېسىپ بېرىلگەن؟ قانچىلىك تۆلەم تۆلەنگەن؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بۇ سوئاللارنى ئىشلەيدۇ. نەتىجىدە بىزنىڭ ئەتىدىن ـ كەچكىچە تەتقىق قىلىدىغىنىمىز بولسا لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى قاچان كېسىپ بەرگەنلىكىمىز، قاچان تەيۋەن، پېڭخۇنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمىز، 2 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلىگىنىمىز، 1894 ـ يىلى پارتلىغان جياۋۇ ئۇرۇشى، 1895 ـ يىلى «ماگۇەن شەرتنامىسى» ئىمزالىغىنىمىز قاتارلىقلار بولىدۇ. سۇدەك يادلىۋالغان بۇ نەرسىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىر دۆۋە ئەھمىيەتسىز، ئېنىقسىز سان ـ سېپىرلار بولىدۇ.

ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بەرىبىر تۆلەپ بولدۇققۇ؟ 2 مىليون كۈمۈشنى بېرىپ بولدۇققۇ؟ ئەڭ موھىمى كەلگۈسىدە قانداق قىلىش ئىدى.

باشقىلار قابىلىيەت يېتىلدۈرىدۇ، ئەكسىچە بىز بىلىم سىڭدۈرىمىز. بۇ نۇقتىلار ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

چەت ئەلنىڭ مائارىپىنىمۇ كۆردۈم، ئۆزىمىزنىڭ مائارىپىنىمۇ كۆردۈم.

چوڭ ئانام نەۋرە ئىنىمنىڭ ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا قاتنىشىشقا بېرىپ، نەۋرە ئىنىمنىڭ ئىككى يۈرۈش ئىمتىھان سوئالىنى ئالغاچ كەپتۇ. مەن ھازىرقى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىگە بەك قىزىققاچقا ئېلىپلا كۆردۈمىيۇ، بەكلا چۆچۈپ كەتتىم. تۆۋەندە كۆپچىلىككە نېمىنى كۆرگىنىمنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي.

نەۋرە ئىنىم مۇشۇ شەھەردىكى مەلۇم بىر داڭلىق باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىمتىھان سوئالىدا مۇنداق سوئاللار بار ئىكەن.

باھارنىڭ بىر كېچىسى، يۇرتىدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان بىر ئادەم، ئاي نۇرىغا قاراپ ئىختىيارسىز يۇرتىنى خىيال قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇپتۇ:

نەۋرە ئىنىمنىڭ بەرگەن جاۋابى مۇنداق ئىدى: بېشىمنى كۆتۈرۈپ تولۇن ئاي كۆردۈم، بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ يۇرتنى ئەسلىدىم.

بىراق بۇ جاۋاپنىڭ كەينىدە يوغان خاتا بەلگىسى تۇراتتى. مەن ھەيران قالدىم. مەنمۇ دەل مۇشۇ ئىككى مىسرانى ئويلىغان ئىدىم. ئەجەبلەنگەن ھالدا نەۋرە ئىنىمدىن سورىدىم. بۇ خاتامۇ؟ ئۇنداقتا توغرا جاۋابى نېمە؟ نەۋرە ئىنىم دېگەن توغرا جاۋابى مۇنداق ئىكەن: چاڭجىياڭنىڭ جەنۇبىدىن كەلدى باھار شامىلى، تولۇنئاي قاچانمۇ يورۇتار مېنى؟

ئەڭ كەينىدىكى ئىككى سوئال مېنى ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران قىلدى. يەنى: بىر جۈملە سۆز بىلەن $\Pi$ نىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈڭ. نەۋرە ئىنىمنىڭ جاۋابى بولسا: $\Pi$ نىڭ مەنىسى بولسا چەمبەر تۇراقلىقى. بىراق يەنىلا خاتا بەلگىسى ئۇرۇلغان ئىدى. ھېلىمۇ ئايالىم تەبىئىي پەندە ئوقۇپتىكەن، دەرھال ئۇنىڭدىن سورىدىم، ئۇمۇ چەمبەر تۇراقلىقى دەپ جاۋاپ بەردى. ئىككەيلەن تەرلەپ ـ پىشىپ نەۋرە ئىنىمدىن يېرىم كۈن سورىدۇق. ئۇنىڭ توغرا جاۋابى بولسا: ماتېماتىكا ۋە فىزىكا ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ماتېماتىكىلىق تۇراقلىق سان...

بىز ھەممىمىز بىرلىكتە بۇ خىل مائارىپنى ئۆزگەرتىشكە مۇراجىئەت قىلايلى! باللىرىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن، باللىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، زېرەكلىك بىلەن كىرىپ، ھاڭۋاقتىدەك بولۇپ چىقىشىغا قەتئىي يول قويمايلى!

گې شياۋ چېن ئىمزالىقدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى» (杂文月刊) ژۇرنىلىنىڭ 2014 ـ يىللىق 8 ـ سانىنىڭ كېيىنكى يېرىم ئايلىق سانىدىن **ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق بازىرى سېرىقئۆي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى



ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى

# «ھەسسەن قايغۇ» ئۆلگەندە

(پوۋېست)

— ھەسسىكام تۆگەپ كېتىپتۇ!...

ئۆمسىلا ئېيتىلغان بۇ سۆز شامال ئۇچۇرغاندەك ھاۋاغا تاراپ كەتتى. يېڭىلا كېڭەيتىلىپ شىبغىل تۆكۈلگەن مەھەللە يولىدا ھارۋىلارنىڭ چاقى ئاستىدىن يېقىمسىز تاراقلىغان ئاۋاز ئېيتىلىۋاتقان سۆزنى بېسىپ كېتەتتى. تېخى چىڭدالمىغان يوغان ـ يوغان تاشلار ھارۋا چاقلىرى ئاستىدا بىغەملەرچە تۆگۈلۈپ ياتاتتى. بەزىلىرى يېڭى چاقلار، بەزىلىرى كونا چاقلار، بەزى ھارۋىلارنىڭ سىملىرى داتلىشىپ كونىرىغان چاقلىرىدىن غاراسلىغان ئاۋاز كەلسە، بەزى ھارۋىلارنىڭ سىم بىلەن چىرماپ قويۇلغان شاللىرىدىن تاراقلىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئاندا ـ ساندا سالام قىلىش ئۈچۈن توختىغان ھارۋىنىڭ ئۇدۇلىدىن بايىقى ئۆمسە ئاۋاز بىر خىللا تەكرارلىناتتى.

— ھەسسىكام تۆگەپ كېتىپتۇ، نامازغا داخىل بوللى.

بۇ سۆز تىترەپ ئاڭلىناتتى. ھەئە، سۆزنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما يۈرەكنىڭ بېغىشىدىن چىققان سۆزنى پەقەت قۇلاقلا ئاڭلايدۇ، يۈرەكلا ھېس قىلىدۇ.

— «ھەسسەن قايغۇ»ما؟ قاچان تۆگەپ كېتىپتۇ؟

ئاندا ـ ساندا سۆزنى ئاڭلايدىغان قۇلاقمۇ چىقىپ قالاتتى. ئېيتىلغان سۆزنى ئىلىك ئېلىش سۆزلىگۈچىنى ئىلىك ئالغان بىلەن باراۋەر. شۇڭا سۆزلىگۈچى ئىلىك ئېلىپ سورالغان سوئالغا ئۇچرىغاندا كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولۇپ ھاللىنىپ ئاۋازى يېنىك تىترەيتتى.

— ھەئە ھەسسىكام تۆگەپ كېتىپتۇ! ناماز ۋاقتى بولاي دەپتىكەن، نامازغا داخىل بولۇپ مېڭىشالا...

— ئەستاغپۇرۇلا!... زۆرۈر بىر سودىلىق بىلەن بازارغا مېڭىۋېدىم، جامائەت بار بولغاندىكىن، بىر گەپ بولار... ئۆززەم بولاپ قالدى جۇما... سەت بولدى!...

سۆز ئېيتىلاتتى، سۆزگە جاۋاب بېرىلەتتى. سۆز ئىلىك ئېلىنغاندەك بولاتتى. ئارقىدىنلا سۆزنى شامال ئۇچۇراتتى.

ھەئە، ھاشماخۇننىڭ ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا نامازغا ئادەم چاقىرىپ تۇرغىنىغا نەق تۆت ئاش پىشىم بولدى. بۇگۈن ھەپتىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان چوڭ بازار كۈنى بولغاچقا مەھەللىدىكىلەرنى مۇشۇ تۆت كوچا دوقمۇشىدا تۇرۇپ بازارغا ماڭغان يېرىد-

سەھرادىكى ھېكايە

دىن ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈشنى ھاشماخۇنغا دادىسى تاپىلىغانىدى.

— ماڭ بالام، مەھەللىدىكىلەرگە ھەسناخۇننىڭ قازا تاپقىنىنى دەپ قوي، رەھمەتلىكنىڭ جان كۆيەرگە تۇغقىنى يوق، بۈگۈن بازار، خەقلەر بىخەۋەر بازارغا كېتىپ قالسا رەھمەتلىك نامىز تاپالمايدۇ.

دادىسىنىڭ سۆزلەۋېتىپ ئاپپاق كىرپىكلىرى ئارىسىدىن بىر تامچە سۈزۈك كۆز يېشىنىڭ پىلدىرلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ ھاشماخۇننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. بوۋاي بۈگۈن مەھەللىدە بىر ئۆمۈر تەڭ ياشاپ، تەڭ ياشنىغان بۇرادىرىنىڭ ئۆلۈمىگە ھازىدار بولۇپ، مېيىتنىڭ بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ رازىلىق سوراپ چىققاچقا، بىراقلا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك مۈكچىيىپ قالغانىدى. قويۇق سەپكۈن ئارىلاش ئالتاغىل داغ قاپلىغان قوللىرى توختىماستىن تىترەيتتى. ئۇ پوتىسىغا قولىنى ئۆتكۈزۈپ بېقىنىغا تايىنىۋالغانىدى. يەردىن بىر نەرسە ئىزدىگەندەك دوگىيىپ مېڭىپ بىر نەچچە قەدەم ئېلىپ توختىدى. تۇرۇپلا ئارقىسىغا قايرىلىپ ھاشماخۇنغا بىر نەرسە تاپىلىماقچى بولغاندەك ئېغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، لېكىن دەيدىغان گېپىنى تاپالمىغاندەك بېشىنى سۇس تەۋرەتكىنىچە بىر نەپەس جىمىپ قېلىپ، يەنە بۇرۇلۇپ ئۇچى قورۇلۇپ ئاسمانغا قاراپ قالغان ئۆتۈكنى پولوكشىتىپ دەسسىگىنىچە ئۆلۈم بولغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ھاشماخۇن دادىسىنىڭ بىر قىسىملا بولۇپ قالغان ھالىتىگە قاراپ كۆڭلىدە ئۇستەڭ بويىدا بىللە ئولتۇرۇپ، نەچچە دېيىشكەن پاراڭلىرىنى يەنە تەكرارلىشىپ بىر - بىرىگە ئەرمەك بولىدىغان بۇرادىرىنىڭ قازاسىغا چىدىمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. يۇرتىنىڭ تەۋرىرۈكىگە ئايلىنىپ كەتكەن مويسىپىتلار ئەمەسمىدى! مانا ئەمدى تۇيۇقسىزلا بىر - بىرىنى يالغۇز تاشلاپ، يېقىن ھەمراھى «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ بىر تالدىلا ئالدىدىكى تۆشەكتە ئېگىكى قوشۇلغان ھالەتتە جىمجىت سوزۇلۇپ يېتىشى بوۋايغا ئېغىر كەلگەنىدى!

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاينى مۇشۇ مەھەللىدىلا ئەمەس، مۇشۇ يۇرتتىمۇ چوڭ - كىچىك بىلمەيدىغان ئادەم يوق. كىشىلەرنىڭ بۇ غەلىتە لەقەمنى نەدىن تاپقىنى نامەلۇم، بەلكىم بۇ قايسىدۇر بىر زامانلاردا ئۆتكەن مۇشۇنداق ئىسمى بار بىر مۆتىۋەرنىڭ قىلىق - يورۇقى، خۇي - پەيلىگە ھەسەن بوۋاينىڭ خۇي - پەيلىنىڭ ئوخشىشىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ھەئە، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يەر - سۇ، چۆپ - چېچەك قوغلىشىپ كۆچۈپ ياشايدىغان بىر ئۇلۇس ئەل ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئەلنىڭ ئارىسىدا ھەسەن قايغۇ دېگەن بىرسى بولغان دېيىشىدۇ كونىلار رىۋايەت سۆزلەشىپ. ھەسەن قايغۇ كۆڭلى بەكمۇ زىل، ئويلايدىغان ئويى، قىلىدىغان خىيالى ناھايىتى تولا ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ غەلىتىلىكىدىن، ئادىمزاتتىن تارتىپ يەردە ئۆمىلىگەن قۇرت - قوڭغۇزغىچە ھەممە كۆزى كۆرگەن نەرسىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، خەقنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، قايغۇسىنى تارتىپلا ئۆتىدىغان جاھانكەزدى بولغانى ئۈچۈن شۇڭلاشقا «ھەسەن قايغۇ» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك ئۇز زامانىسىدا.

بۇ دۇنيادا كىم غېرىب؟
ئاي چىقمىسا تۈن غېرىب.
بۇلۇت توسقان كۈن غېرىب.
چۈشەنمىسەڭ كۆڭلىنى،
ئاتمىشتىكى چال غېرىب.
ئازاب سالساڭ تىغ ئۇرۇپ،
كۆكلىمەي قالغان تال غېرىب.
توغرا يولدىن ئاداشقان،
ئۇلۇس غېرىب، ئەل غېرىب.
غاز - ئۆردەكى بولمىسا،
سۈيى تاشقان كۆل غېرىب.
يەتتە ئاتاڭنى بىلمەسەڭ،
يەردە قالغان ئىز غېرىب.
نەرقى - نەسلىڭ بولمىسا،
بويىغا يەتكەن قىز غېرىب.

دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ ئوي - خىياللارنى قىلىپ يۈرىدىغان كىشى ئىكەن. بىر يىلى يازنىڭ ئىسسىق بىر كۈنى تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ، چېلەكلەپ يامغۇر يېغىپ، ئارقىدىن مۆلدۈر سوقۇپ قار - شۇرغانغا ئايلىنىپ، يەر يۈزىنى بىراقلا جۇت قاپلاپ تارىختا كۆرۈلمىگەن سوغۇق ھاۋارايى ئەھۋالى يۈز بەرگەنىكەن، ھەتتا ئادەم تۇرغاي مال - ۋارانلارمۇ ئۈچەكتىن بېشىنى چىقىرالماي بىسيار مۇشەققەتلىك كۈندە قالىدىكەن. دەل مۇشۇ كۈنلەردە يىراق يۇرتلاردىن جاھان كېزىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ھەسەن قايغۇ تەبىئەتنىڭ قەھرىگە مۇنداق قايغۇرغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قۇمدا تۇغۇلۇپ، چۆلدە ئۆسكەن،
قۇلاننىڭ ھالى نە بولۇر.
باغرى يالىڭاچ، يۇڭى يوق،
يىلاننىڭ ھالى نە بولۇر.
سۇ مۇزلىغان كۆلدىكى،
بېلىقنىڭ ھالى نە بولۇر.
تاشتىن بۆلەك ئۆيى يوق،
كېپىكنىڭ ھالى نە بولۇر.
ئويناقشىپ سۈيى ئاقالماي،
ئېرىقنىڭ ھالى نە بولۇر.
سۈت ـ قايماققا تويمىغان،
ئورۇقنىڭ ھالى نە بولۇر.
قونالغۇ ئىزدەپ يۈگۈرۈپ،
توشقاننىڭ ھالى نە بولۇر.
تەييارغا ھەييار ئۆگەنگەن،
چاشقاننىڭ ھالى نە بولۇر.
بوينى سۇغا يوشۇرغان،
چاياننىڭ ھالى نە بولۇر.
كۆيەسىدىن تۇل قالغان،
ئايالنىڭ ھالى نە بولۇر.
...

مەھەللىدىكى ھەسەن بوۋاينىڭمۇ رىۋايەتتىكى ئاشۇ «ھەسەن قايغۇ»غا ئوخشىشىپ كېتىدىغان غەلىتە مىجەزلىرى بار ئىدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە بىر ئىشلاردىن غەم يەپلا ئۆتىدىغان ھەسەن بوۋاي ئۆستەڭ ياقلاپ كېتىۋاتقان جايىدىن خىيالىغا كەلگەن زامات مەھەللىدە ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى چوڭ ـ كىچىكلەرگە:

— ھاي ئۇكىلىرىم، ئۆستەڭ تىنىپ، قاشلىرى پەسلەپ كېتىپتۇ. تاسادىپىي كەلكۈن كەپقالسا چاتاق بولىدۇ، شۇڭا كەتمىنىڭلارنى ئېچىقساڭلا، ئۆستەڭنى راسا بىر چېپىپ قاشنى ئېگىزلىتىپ قويىلى، بولمىسا ۋاقتى كەلگەندە ئۆزدىمىز جۈگۈرۈپ قالىمىز، — دەيتتى. مەھەللىدىكى كىشىلەر كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالغان ياكى خۇشياقماي تاشلىنىپ قالغان ئېرىقلارنى ئۇ خەقنىڭ يادىغا يەتكۈزۈپ، باشلاپ چىقىپ چاپتۇراتتى. قاچانلا قارىسا دولىسىدىن كەتمىنىنى، پوتىسىدىن كەكسىنى ئايرىماي مەھەللىنىڭ ئۇزۇن ـ تۇغرا ئېرىقلىرىنى، توپىلىق يوللىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆنۈپ قالغان ھەسەن بوۋاينىڭ دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇشى بىلەن مەھەللىنىڭ ئېرىقى ھەرقاچان چېپىقلىق، ئۆستەڭنىڭ قاشلىرى ھەرقاچان قاشلاقلىق تەييار ھالەتتە تۇراتتى. كۆتۈلمىگەندە يۇرت ـ مەھەللىگە كەلكۈن كېلىپ قالسىمۇ كىشىلەر خاتىرجەم ھالدا كەلكۈن سۈيىنى ئېرىقلىرىغا باشلاپ ئېتىزلىرىغا ئېچىۋېرەتتى. باغرىغا ئۆسكەن ياۋا چۆپلەر تاراشلىنىپ چىرايلىق ياسالغان ئېرىقلاردا سۇ ئويناقشىپ ـ تولغىنىپ ئاققان چاغلاردا ھەسەن بوۋاي كەتمىنىگە يۆلىنىپ ئېرىقنىڭ بويىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئېرىقتا سۇنىڭ راۋان ئېقىشى بوۋايغا راھەت ۋە ئازادىلىك بېغىشلايتتى.

بەزى چاغلاردا ھەسەن بوۋاي كېتىۋېتىپ كىمنىڭدۇر ئېتىز يوللىرىنىڭ تارىيىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ يەر ئىگىسىگە:

— يولنى تاراشلاپ تارايتىۋېتىپسەن، خەقلەرنىڭ ھارۋا ـ ئۇلاغلىرى يولغا پاتماي ئۆرۈلۈپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟! — دەپ تەنبىھ بېرەتتى. ھەتتا ئېتىز ئىگىسى بىر چەتتە قېلىپ ئۆزى يەڭ شىمايلاپ كەتمىنىنى ئېلىپ چىقىپ يولنىڭ تارايغان يەرلىرىگە توپا يۆلەپ چاسلاشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ قىر تاراشلىغان، يول تاراشلىغان ھەقەمسايىلارنى يۈز ئايىماستىن، ئادەم بار ـ يوق دېمەستىن ئوسال قىلىپ يېغىرىنى ئېچىپ سىلىشلىرىدىن مەھەللىدە ھەممە كىشى تەپتارتاتتى. يول ـ قىر تاراشلاپ ئۆگىنىپ قالغان كىشىلەر بوۋاينىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن قورقۇپ ئاۋايلايتتى. ئەتىياز ۋاقىتلىرى كىمدۇر بىرسىنىڭ مەھەللىدىكى سۇ ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ ئىچىگە تېخى ئاخشاملا سەپ قويغان كۆچەتلىرىنى كۆرگەندە بوۋاي كەسكىنلىك بىلەن قومۇرۇشقا باشلايتتى.

— كۆچەتنى ئېرىقنىڭ ئىچىگە سەپ قويساڭ تېرەكلىرىڭ يوغىناپ ئېرىقنى توساپ قويسا سۇ نەدىن ئاقىدۇ؟ ـ دەپ كۆچەت ئىگىسىنى تەنقىدلىگەنچە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشىنى قىلىۋېرەتتى. ئەمما باشقىلارغا قىلچە زىيان سالمايتتى. ئۆزى چىقىرىۋەتكەن كۆچەتلەرنى ئۆزى قايتىدىن يۆتكەپ سۇغا پۇتلاشمايدىغان قىلىپ قىرنىڭ يانباغرىغا رەتلىك يۆتكەپ قوياتتى. شۇڭلاشقىمىكىن، مەھەللىدە كىشىلەر ھەسەن بوۋاينىڭ قاچانلا قارىسا ئېرىق ـ ئورەكنىڭ ئىچىدە ياكى ئېتىز يوللىرىدا كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ مۇنەججىملىك بىلەن بىر ئىشلارنى قىلىپ ئۆملەپ يۈرگىنىنى كۆرەتتى.

بىراق مەھەللىدىكى ياشلارنىڭ بوۋاينى كۆرسە ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچاتتى. يول بويىدىكى سۆگەت سايىسىگە قويۇلغان بىليارت تاختىسى ئەتراپىغا ئولاشقان ياشلارنى

كۆرگەن هامان بوۋاي چېچىلىشقا باشلايتتى.

— ئۆيەڭدە ئىشىڭ يوق خەخمۇ ھەقايسىڭ؟! بۇ يەدە كالتەك سىقىمداپ ئويىنىغچە داداڭغا قىغ ئۇسسۇشۇپ بەسەڭمۇ ساۋاپ! ئاناڭغا ئوتان كەسلەپ بەسەڭمۇ ساۋاپ! شۇنىڭ ئورنىغا قوغۇنلۇقۇڭدىكى شۇمبۇيىنى ژۇلساڭ بولمامدۇ؟ قوغۇنلۇقۇڭدا شۇمبۇيا چېچەكلەپ كىتىپتۇ! چۆنەكلىرىڭنى چىپپ ئوڭشىساڭ بولمامدۇ؟ چۆنەكلىرىڭ توخۇنىڭ قوڭىدەك بولاپ كىتىپتۇ تىنىپ! ئېتىزىڭنىڭ بېشىدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ ياۋا شاخلىرى يەرگە تىگەي دەپتۇ، خەخ قانداقمۇ سۇ ياقلاپ ماڭالايدۇ؟ شۇنى چاتاپ قويساڭ بولمامدۇ؟ ئوياندىن ئوت چىقىدۇ ئاخىر!...

ياش باللار دەسلەپ بوۋايدىن ئاز ـ تولا تەپتارتاتتى. ئۇنى كۆرگەندە كۈلكە ـ چاقچاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئاستا تارقىلىشاتتى. بوۋاينىڭ قارىسى يىتكەندىن كىيىن بولسا تەرەپ ـ تەرەپتىن يەنە ئولىشاتتى. ئولاشقاچ غوتۇلدىشىپ بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت باشلايتتى.

— ئۆيدە دادامنىڭ ئۇششاق گېپىدىن ئاران قۇتۇلۇپ چىقسام نىمانداق قېيىنتامدەك ئارلىشىدۇ ما ئىدەم!...

— شۇنى دەيمەن، نەگە قايلىسا مۇشۇ ئىدەم ساقال تاراپ پۇتلىشىپ ژۈرگەن...

— ھىلىمۇ ياخشى كادىر بولاپ قاماپتۇ بۇ ئەدەم...

ھەركىم ھەر نىمە دىيىشەتتى. ھەسەن بوۋاينىڭ كەتمىنىنى دولىسىغا سىلىپ، كىچىككىنە كەكىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ قاچان قارىسا نېمىنىڭدۇر غېمىنى قىلىپ ئالدىراش مېڭىپلا يۈرىيدىغان، ماڭغاندا بىكار ماڭماي يولدىكى يامغۇر سۇيى يىغىلىپ قالغان ئۆرچەكلەرنى، تىراكتور، هارۋا ئىزىدىن هاسىل بولغان ئېرىقچىلارنى تۈزلەيدىغان، يول بويىدا ساڭگىلاپ ئادەمنىڭ كۆزىنى يىرتىۋېتىشكە ئاران تۇرىدىغان چىت ـ شوخىلارنى كېسىپ ـ چاتايدىغان، كۆزى كۆرگەن، دىتىغا ياقمىغان ئىش بولسىلا يولىدىن توختاپ شۇ ئىشنى ئۆز دىتىغا ياققۇدەك قىلىۋەتمىسە كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيدىغان، دائىملا قارىسا مەھەللىدىكىلەرنىڭ خىيالىدا يوقلا بىر ئىشلارنىڭ غېمىنى يەپ، باشقىلارغا يوق يەردىن ئاۋارىچىلىك تاپىدىغان «پاختەك قايغۇ» مىجەزى كىمدۇر بىرلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغاچ ئۇنى «ھەسەن قايغۇ» دىگەن لەقەمى بىلەن چاقىرىشاتتى. بۇ لەقەممۇ بوۋايغا سىڭىشىپلا قالغانىدى. بۇ خىل ئاتاشقا چاقچاقمۇ، ئىچ كۆيۈمەلۈكمۇ، ھەزىل ـ شاڭخومۇ، ئاچچىق كىنايىمۇ سىڭىپ كەتكەنلىكتىن قارىماي «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي تەبئىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئوچۇق ـ يورۇق خۇي ـ مىجەزى بىلەن بۇنداق ئاتاشلارغا كۆنۈپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى «ھەسەن قايغۇ» دەپ ئاتىغانلارنى كۆرگەندە چىشسىز ئېغىزىنى يېرىم ئاچقانچە «ھىڭڭىدە» بىرنى كۈلۈۋېلىپلا قوياتتى. ئەمما كۆزىگە كۆرۈنگەن ياكى خىيالىغا كېلىپ قالغان بىرەر ئىشقا «چېپىلىپ» يۈرىيدىغان، ئالدىغا ئۇچرىغانلا ياش باللارنى كىملەرنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشقا بۇيرۇيدىغان ئادىتى پەقەتلا ئۆزگەرمەيتتى.

بىر كۈنى مەھەللىدە نەزىر بولدى. خانىقادەك يوغان سېلىنغان دەھلىزە ئۆيدە لىق ئولتۇرۇپ نەزىرگە داخىل بولۇۋاتقان مەھەللىدىكىلەر ئىككى ـ ئۈچتىن بېشىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ پاراڭ سوقۇشقاچ ساڭزا ـ بوغۇرساق يەپ، سىنچاي ئوتلىشىپ ئولتۇراتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ پاراڭلىرى ھەر خىل تېمىدا بولۇپ، بۇلۇڭدا يەكتىز ئولتۇرۇۋېلىپ ئىككى بېقىندىكىلەرگە ھەدەپ مۇشۇ ھەپتىلىك بازار ئەھۋالى توغرۇلۇق قىزىشىپ سۆزلەۋاتقان مەھەللە سودىگىرى ئابدۇكىرىم توشقان كىمنىڭ قانچە پاقلىندىن قانچىلىك پايدا ئالغىنىنى، كىمدىن ئالغان بۇغداي چار ئارىلاش چىقىپ قالغىنى، كىمنىڭ يۈك ـ تېرىسىدىن پايدا چىقماي ئاۋارە قىلغىنىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ ئالدىدىكى چېيىمۇ سوۋۇپ قالغانىدى. جامائەتنىڭ ئاخىرىدىراق ئولتۇرغان ئۈچ ـ تۆت ياش بالا ئاخشام تېلېۋىزوردا بەرگەن «دۇنيا ھەپتىلىكى» پىروگراممىسىنىڭ يېڭى خەۋەرلىرىنى سۆزلىشىپ دەم سۇرىيە مەسلىسى، دەم ئۇرۇسلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىشسا، پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرغان تۆتەيلەن تۇمشۇقلىرىنى بىر ـ بىرىنى سۆيۈشكىدەك دەرىجىدە يېقىن ئەكىلىۋېلىپ تۈنۈگۈنكى بىليارت ئويۇنىدا كىمنىڭ كالاماپايلىق قىلغىنى، كىمنىڭ تاش سوقۇش ھۈنىرىنىڭ نائۇستىلىقى ھەققىدە كايىشىپ پىخىلداپ كۈلۈشەتتى. سورۇننى ھەرە ئۇۋۇلىغان قاپاقتەك غوژ ـ غوژ ئاۋاز بىر ئالغان بولۇپ، بىرسىنىڭ گېپىنى بىرسى ئاڭلىمايتتى. بىر بۆلىكنىڭ گېپىگە بىر بۆلىكى قىزىقمايتتى. ھەممىسى تىزلىرىغا جەينەكلەشكىنىچە ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بولۇشۇپ، يېنىدىكى ھەمشېرىكىنىڭ سۆزلىرىگە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئولتۇرغاندا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ ھەممىگە تونۇش ئىنچىكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

— جامائەت، پۇچۇق نانغا پايدىسى يوق ئۇششاق پاراڭنى قوياپ تۇرىلى، مويۇم گەپ با...

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com


ئۇششاق سۇندۇرۇپ قويۇلغان ھەمەك ناننى پىيالىدىكى چايغا چىلاپ يېيىشكەچ پولۇنىڭ كىرىشىنى كۆتۈپ پاراڭغا داخىل بولۇۋاتقانلار باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى. يېنىدىكىلەرگە قىزىشىپ سۆزلەۋاتقان پاراڭ ئىگىلىرى سۆزدىن توختاپ يېقىمسىز بىر نەزەر بىلەن «ھەسەن قايغۇ» بوۋايغا نەزەرىنى ئاغدۇرۇشتى.

— يانا نېمە دەيدۇ ما پاختەك قايغۇ ئىدەم؟!

كىمدۇر بىرسى يېنىدىكى شېرىكىنى بوش جەينەكلەپ ئاشۇنداق دەپ كۇسۇرلىدى. شېرىكى بېشىنى لىڭشىتقاچ كىرپە تىكىنىدەك يىرىك ساقال باسقان سوزۇنچاق تۇمشۇقىنى چېپىي يېرىملاپ قالغان پىيالە بىلەن توسۇپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى.

— شۇ، ئەدەمنىڭ خىيالىدا يوق گەپتىن بىژنى تاپتى ھەقچان، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ھەسەن قايغۇ» تۇرسا ئۇ!...

— چىك!...

ئىككىسىنىڭ كۇسۇر - كۇسۇرى «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردىمۇ يوق، بىلگىلى بولمىدى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى.

— ياش باللىرىمىز بەك ئويان قېپى بولاپ كېتىپ باردۇ مۇشۇ كەمدە. ئويانىنىڭ چېكى يوق. ھەممىيلەن باللىرىمىزغا دەپ قويىلى، سېرىق سۆگەتنىڭ سايىسىدا كالتەك بىلەن تاش سوقىدىغان ئويانىنى ئويناۋەرمەي ئاۋۇ ئېرىقلىرىمىزغا كۆكەل بۆلەپ قويىلى. ئېرىقلىرىمىز تىنىپ پولا ئۇسۇيدىغان تەلەڭگىگە ئوخشاپ قاپتۇ. ئۆستەڭنىڭ قاشلىرىمۇ تۆگەپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. ئېرىقىمىزدا سۇ ئاقمىسا يەرلىرىمىزنى قانداق قىلامىز دىگەننى ئويلايلى...

ئولتۇرغانلار ئاغزىلىرىدىكى ھەمەكلىرىنى كايماڭشىپ، ساڭزىلىرىنى كورۇسلىتىپ چاينىغاچ باشلىرىنى ئۆزمەي لىڭشىتىشتى. ھەر دائىم مۇشۇنداق، «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي گەپ قىلسا ياق دېگەن ئادەم يوق، ھەممە ئادەم تەڭ باش لىڭشىتىدۇ - يۇ، ئەمما لىڭشىتىۋېتىپ ئۇ بۇلۇڭ، بۇ بۇلۇڭدىن ياقتۇرمىغان كۇسۇلداشلار ئاڭلىنىدۇ. ھازىرمۇ دەل شۇنداق بولدى. داستىخان ئۈستىدىلا تۇمشۇقلىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىشىپ، قۇلاقنى قۇلاققا يېقىشىپ بوش كۇسۇلداشلار باشلاندى. ئارىلاپ - ئارىلاپ خىر - خىر كۈلگەن ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— ما ئەدەمنى قېرىغان چېغىدا مەلگە شودىجاڭ قىپ قويىدىغان گەپكەن ئەسلى!...

— شۇنى دەيمە، ئىچى پۇشۇپ تۇرامدىكى!...

— نېمىشقىكىن، مۇشۇ ئىدەمنىڭ گېپى قۇلىقىمغا پەقەت ياقمايدۇ دىسە!

— قىلغان گېپىغۇ توغرا بومىسا...

— قويە ۋاي شۇ توغرا گەپلىرىنى، خۇددى گۆرجەكتە تاش ئۇسقاندەك ئاڭلىنىدۇ قۇلىقىمغا!

— چوڭ دادامدەك ئىشقا بۇيرۇشلىرىچۇ!...

— بالىسى بومىغاندىكىن بالىسىدەك كۆرەنگەنسەن يا...

— ماڭەۋا!...

— ھې ھې ھې...

تۆر تەرەپتە ئۆز گېپىنى قىلىپ ئولتۇرغان «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي بۇلۇڭدىكىلەرنىڭ بېشىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ كۇسۇلدىشىدىن دىققىتى چېچىلغاندەك بولۇپ ئۇلارغا بويۇن سوزۇپ قاراپ چاقچاق قىلدى.

— گەپنىڭ كۇس - كۇسى، ئوسۇرۇقنىڭ پۇس - پۇسى يامان باللا. كۇسۇلداشماي ئە كىشىدەك ئاشكارە گەپ قىلىپ ئولتۇرۇڭلا، گېپىمنىڭ خاتاسى بامۇيا؟

— راست راست، بەك توغرا گەپ بولدى...

خىرىلداپ كۈلگەن يىگىت يۆكۈنگەن جايىدىن بوشىنە قىمشىپ قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ھىجايغان چىرايىنى چېتىغا ئاستا يوشۇردى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي داستىخاندىكى ھەمەكتىن بىر بۇردا ئۇشتۇپ پىيالىسىگە پاتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— تاۋاق بولسا ئاش ئىچكىلى بولىدۇ. ئېرىق بەلەن بولسا سۇ تۇتقىلى بولىدۇ. كونىلاردا بىر گەپ بار، «ژىغلاپ ژۆرۈپ ئېرىق چاپ، ئويناپ ژۆرۈپ سۇ تۇت» دەيدىغان. ياش باللا كالتەك بىلەن تاش سوقىدىغان ئويانغا بەكلا بېرىلىپ كەتتىڭلا مۇشۇ كەمدە، ھەممە نېمە لايىقىدا بولغىنى ياخشى. ئويانىدىن ئوت چىقمىسۇن كېيىن! ئايىغى چىقمايدىغان ئويانىنى قويۇپ ھېلىلا كەتمىنىڭلانى ئېلىپ چىقىڭلا، بۆگەندىن باشلاپ مەھەللىدىكى پۆتكۆل ئېرىقلارنىڭ ئوتلىرىنى تاراشلاپ، قۇملىرىنى تاتىپ راۋرۇس بىي چاپىلى. ئېرىق - چاپقانغا، سۇ - ئاقانغا خۇش بوسۇن...

— ھەسىنكا، قاسى ئېرىقنى ئاۋال چاپىمىز؟

بۇلۇڭدىن كىمدۇر بىرى ئاشۇنداق سوئال قويىدى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي سوئال چىققان تەرەپكە بويۇنداپ

جاۋاب بەردى.

— يالغۇز جگدە تەرەپنىڭ ئېرىقىدىن باشلايلىمەكى...

— ئۇ ياندا ساپلا توغرا مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئېتىزى با. شۇلار ئۆزى چاپسۇنمىكى، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئېتىزى با تەرەپكە چىقساق...

— بۇ نەچە گەپ!؟... — «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي سۆز ئېيتقۇچىغا مىختەك تىكىلدى. — توغرا مەھەللە نايماندىن كەپ قاپتىمۇ؟شاپاق دوپپامدەك مەھەللىنى ئۇزۇن - توغرا دەپ بۆلۈپ يۇرسەك ئىش ئاقامدۇ؟ سېنىڭ يېرىڭ با ئېرىقىمۇ ھەممەيلەن ئولىشىمىز، مېنىڭ يېرىم با ئېرىقىمۇ ھەممىمىز ئولىشىمىز. ئىش ئۆملۈكتە دېگەننى بىلەمسەن؟

— بىزنىڭ ئېتىز با ئېرىقنى چاپقاندا ئۇ خەقلەر چىققىلى ئۇنىمسىچۇ؟

قاشاڭلىق بىلەن سورالغان سوئالدىن «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي قاتتىق چىچىلىپ كەتتى.

— ئاۋىلام كەتمىنىڭنى دولاڭغا سېلىپ چىقامسەن؟ ئاناڭ شۇمەك سېلىپ باققان ئوغال بالا بوغاندىكىن! ئۆيەڭدىن چىقامايلا تۇرۇپ خوتۇن كىشىدەك كوتۇلدىساڭ نېمە ئىش ھەل بولىدۇ؟ مەندىن ئۆتە پاختەك قايغۇ بالاكەنسەن!...

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ سۆزىگە ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشتى. ئىچى پۇشۇپ كۈلگەنلەرمۇ، تاماشا كۆرۈپ كۈلگەنلەرمۇ، كۈلكىگە ئەگىشىپ كۈلگەنلەرمۇ بولۇشتى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي يەنە بىر نەرسىلەرنى دېمەكچى ئىدى، لېگەندە ئېلىپ كىرىلگەن پولو گەپنى ئۈزۈپ قويدى. ھەممىسى ھورى چىقىپ تۇرغان پولوغا دۈم چۈشۈشتى. پولو ھەممىنىڭ ئىشتىيىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئەتراپنى بارماقلاردىكى گۈرۈچ يۇقىنى شورىغاندىكى ئىسقىرىق ئاۋازلار بىر ئالدى.

نەزىردىن تارقاپ چىققاندا ھەسەن قايغۇ ئۆيلىرىگە تارقىشۋاتقان جامائەتكە قاراپ يەنە بىر قېتىم خىتاب قىلدى.

— ئەمسە گەپ بايامقىدەك. ھەممىڭلا كەتمىنىڭلانى ئېلىپ چىقىڭلا، ھاۋا قىزىپ كەتكىچە ئېرىقنى چاپىلى. مەھەللىدىكى ھەممەيلەن ئولاشساق مەھەللىنىڭ ھەممە ئېرىقىنى ئۈچ - تۆت كۈنگە قويماي چېپىپ بولىمىز خۇدايىم بۇيرۇسا...

خەقلەر ئۈندىمەي تارقاشتى. خەقنىڭ ئۈندىمىگىنىنى ماقۇل دېگىنى دەپ چۈشەنگەن «ھەسەن قايغۇ» بوۋايمۇ ئۆيىگە كەتمەن ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى.

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ ئېرىق بويىغا چىققاندا ئېرىق بويىدا ئىنسى - جىن كۆرۈنمەيتتى. يازدىن بېرى نەچچە رەت سۇ ئاقتۇرۇلۇپ سۇ لېيىغا تىنىپ كەتكەن ئېرىق ئېگىزلەپ قاش بىلەن تەڭ بولۇپ قالغانىدى. تىنىپ كەتكەن ئېرىق ئىچىدە ئۇششاق باللار قوم ئويىنىغاندا قالغان يالاڭئاياغ پۇت ئىزلىرى كۆرۈنەتتى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ئېرىقنىڭ قېشىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى.

«نېمانداق تىنغان ئېرىق بۇ؟ مەھەللىگە بۇدا سۇ ئالساق سۇ ئاققۇدەك ھالى قالماپتۇ. كەنتتىكى كادىر بالالارنىڭمۇ ئېرىق بىلەن كارى يوق بوپقالدى مۇشۇ كەمدە. بىز ياش ۋاقتىمىزدا يۇرتقا، خەقكە باش بولساق ئالدى بىلەن خەقنى يىغىپ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چاپتۇراتتۇق. قاش - دامبىلارنى ئېگىزلەيتتۇق. يوللارنى تۈزلەيتتۇق. خەقكە باش بولغان ئادەمنىڭ قانداقلىقنى شۇ يۇرت - مەھەللىنىڭ يوللىرى بىلەن، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى بىلەن بىلەلەيتتۇق. ئېرىق - ئۆستەڭ بەلەن بولسا سۇ ئەلۋەك بولىدۇ. سۇ ۋاقتى - قارايىدا كىرگەن زىرائەت مول - ھوسۇل بېرىدۇ. دېھقان مول - ھوسۇل ئالسا كادىرنىڭمۇ ئىناۋىتى بولىدۇ. ھازىر كادىر بولغان باللارنىڭ پېتى بوشراق، ئېگىنى پارقىرىتىپ كىيىپ موتونى چاپتۇرۇپ يۇرگىنى بىلەن ھەممىنى ھۆكۈمەت قىلىپ بەرمىسە ئۆزلىرى يەك تۇرۇپ بىر ئىش قىلاي دېمەيدۇ. ھۆكۈمەت شېغىل توكۇپ بەرمىگىچە يوللارنى تۈزلەپ قويايلى دېمەيدۇ. ئېرىقلىرىمىز مۇشۇنداق تىنىپ تەخسىدەك بوپكەتسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق. ھەممىسى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆزىنىڭ يېرىگە سۇ ئېچىۋالسىلا غېمى يوق. خەقمۇ «ساڭا بېقىپ مەن، ئىشككە بېقىپ دەم» دېگەندەك بىغەملىشىپ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقنىمۇ بىكار قالغاندا بىرەر كەتمەن بولسىمۇ قوم - توپىسىنى تارتىپ قويغاي دېيىشمەيدۇ. چوڭلىرى سۆگەتنىڭ سايىسىغا بېشىنى تىقىپ قۇرۇق پاراڭ سوققىنى سوققان. ياش باللارى كالتەك بىلەن تاش سوقىدىغان ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكنى كەتكەن. مۇشۇ كالتەك بىلەن تاش سوقىدىغان ئويۇن مەھەللىگە نەدىن نېرى ئاپىرىدە بولدى؟ شۇ كۈندىن باشلاپ مەھەللىدىكى ياشلار قىلىدىغان ئىشنى تاپالماي گالۋاڭ بولۇشتى، ئىشىدىن ئازدى. ھازىرقى باللار چوڭ ئادەم ئەقىل كۆرسەتسە ئاچچىقى كېلىدۇ. سەن دېمىسەڭمۇ

ئۆزۈم بىلمەن دەيدۇ. بىلىپ تۇرۇپ ئىشنى تېپىپ قىلالمايدۇ. يەنە تېخى كالتەك تالىشىپ كوندە نەچچە ۋاخ جېدەل ئوينايدىغان، مەھەللىنى ئۇزۇن - توغرا كوچىغا بۆلۈپ تەرەپپازلىق قىلىدىغان يامان قىلىقنى چىقىرىشىپ بىر مەھەللىنىڭ باللىرى قۇمدەك چېچىلدى. يۇرت - مەھەللە دېگەن بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارسا ئاندىن يۇرت - مەھەللە ئاتالامدۇ؟ يارما پوقىدەك چېچىلىپ تۇرسا يۇرت - مەھەللىدە بەرىكەت بولامدۇ؟...»

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ئېرىق بويىدا بىر دەم خىيالغا پېتىپ تۇرۇپ، بىردىنلا خىيالدىن ئويغاندى.

«مەن نېمە تۇرىمەن ھە؟بىكار تۇرغىچە بىكار ئىشلە دەپتىكەن، قۇرۇق خىيال سۇرۇپ تۇرغىچە بىر غولاچ بولسىمۇ چاپقاچ تۇرمايمۇ؟ ئاڭغىچە باشقىلارمۇ چىقىپ قالار...» دېگەنلەرنى خىيالدىن ئۆتكۈزگەن «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ بېلىگە باغلانغان پوتىسىغا پېشىنى مەھكەم قىستۇرغاندىن كېيىن يېرىلىپ يىرىكلىشىپ كەتكەن ئالقانلىرىغا بىر نەچچىنى تۈكۈرۈۋېلىپ ئېرىقنىڭ قۇملىرىنى قىرغا ئېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قېتىپ كەتكەن ئالقانلىرىغا تۆكۈرۈكمۇ يۇقمىغانلىقتىن ھەر قېتىم سىقىمى كەتمەننىڭ سېپىدا سىيرىلغاندا غىچىلدىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئۇ كەتمەننى ھەر - بىر شىلتىغاندا بىسلىرى پارقىراپ تۇرغان ئەپچىل كەتمىنىدىن «پال - پۇل» قىلىپ نۇر چاقناپ، يەردىن «بوك - بوك» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى.

ئالاھازەل نەچچە ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكىچىمۇ ئېرىق بويىغا بىر كىم چىقىپ باقمىدى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ئۆزى يالغۇز ئېرىقنىڭ نەچچە غولاچ يېرىنى سادۇقتەك چوڭقۇر ئويۇپ چېپىۋەتتى. ئادەتتىمۇ باشقا كىشىلەر ئولتۇرۇپ - قوپۇپ ھاردۇق ئېلىپ كەتمەن چاپسا، ياشنىپ قالغىنىغا باقماي ئېغىر - بېسىق ئىشلەيدىغان بۇ ئادەم ئىشقا كەتمەننى بەك كۆچەپ كەتمەي، ئالدىراپمۇ كەتمەي ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ بىر خىل رىتىمدا چاپاتتى. شۇڭا كىشىلەر «ھەسەن قايغۇ كەتمەن چاپسا ياش باللارنىمۇ ھارغۇزۇپ قويىدۇ» دېيىشەتتى.

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ئۆزى يالغۇز كۆن چۈشكىچە ئېرىق چاپتى. ئېرىق كىشىلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىنلا ئۆتكەچكە ھەر - بىر دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا بىردىن ياغاچ بىلەن سېلىنغان كۆۋرۈكلەر بولاتتى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ھەر - بىر كۆۋرۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى قۇملارنى كەتمەن بىلەن ئاز - ئازدىن سىيرىپ ئالدىغا تارتاتتى. قۇم پوكىنىغا جىق دۆۋىلەنگەندە ئاندىن ئورنىدىن ئۆرە بولۇپ يەنە قىرغا ئاتاتتى. يەنە دوڭغىيىپ ئولتۇرۇپ ئالدىغا سىيرىۋېلىپ يەنە ئۆرە بولۇپ قىرغا ئاتاتتى. مۇشۇ يوسۇندا ئۇ بىر نەچچە كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى قۇمنى تارتىپ قىرغا ئېتىپمۇ بولدى. ئەمما شۇنىڭغىچە ئۇنىڭ يېنىغا بىرەر كىم كەتمەن كۆتۈرۈپ ياردەملەشكىلى كەلمىدى. قارىغاندا مەھەللىدىكىلەر «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ ئەتىگەن نەزىردە قىلغان گېپىنى ئۇنتۇپ قېلىشقاندەك قىلاتتى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋايمۇ مەھەللىدىكىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك پەشلىرى تۆرۈلگەن ئۇزۇن چاپىنىنىڭ دۈمبىسى تەرلەپ چاپلىشىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەستىن يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر خىل چاققانلىق بىلەن قىزىشىپ ئىشلىمەكتە ئىدى. مەھەللە ئېرىقىغا سۇ قايدۇرۇلىدىغان تاقاق بېشىدىن تاكى بەش - ئالتە ئۆي نېرىسىغىچە چوڭقۇر چېپىلغان ئېرىقنىڭ قېشىدا يېڭى تارتىلغان نەم قۇملار دۆۋىلىنىپ ياتاتتى.

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ئېرىق ئىچىدە يۈكۈنۈپ ئېڭىشكىنىچە 6 - كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى قۇمنى تارتىۋاتقاندا، شىمىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ ماڭغىنىچە ئۆيىنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قالغان بىر ياش يىگىت «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينى كۆرۈپلا چېپىدە توختاپ قالدى.

«ما ئەدەم باكا قېلىپ زېرىكىپ قالدىمۇ نېمە؟! بوسۇغىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇۋالغىنىنى...»

يىگىتنىڭ چېپىدە توختاپ، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ غىپپىدە ئارقىغا يېنىپ كەتكىنىنى «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي سەزمىدى. ئۇنىڭ كۆۋرۈكنىڭ ئەخلەتلىرى، ئۈمۈچۈك تورلىرى، قۇم - توپا توزۇندىلىرى يېپىشىپ مەينەت بولۇپ كەتكەن شاپاق دوپپىسى چوڭقۇر چېپىلغان ئېرىق ئىچىدىن يېرىم - يارتا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇرۇپلا بوۋاينىڭ بېشى ئېرىق ئىچىدە يوقاپ كەتسە يەنە تۇرۇپلا قىرنىڭ باغرىدا پەيدا بولاتتى. بوۋاينىڭ بېشى ئېرىق ئىچىدە تىنىمسىز گىلدىڭشىپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا بوۋاي يېنىغا بىر كىم كەلسىمۇ، كەتسىمۇ سەزمىگىدەك دەرىجىدە ئىشقا بېرىلگەنىدى.

دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بارسا «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ ئىشقا تۇتۇلۇپ قېلىشنى پەملىگەن يىگىت ئۆيىگە ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ كېتىش ئۈچۈن بىر پور جىگدىنىڭ دالدىسىدىن ئايلىنىپ ئەنجان تامنىڭ

كېيىنگە ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاي ئۇنى سەزمىدى.

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي كۈن چىققى چۈشكە تاقاشقاندا 7 - كۆۋرۈكنىڭ قۇمنى تارتىپ بولدى. ئۇ قورسىقىنىڭ ناھايىتى ئاچقانلىقىنى سەزدى. ئەتىگەنكى نەزىرنىڭ پولوسى ئەتىگەندىن بېرى چاپقان كەتمەننىڭ كۈچى بىلەن نە - نەلەرگە كېتىپ بوۋاينىڭ كۆڭلى ئايىنىشقا باشلىغانىدى. ئەزەلدىن قورسىقى ئاچسا كۆڭلى ئايىنىيدىغان مىجەزى بار بوۋاي ئىشنى توختىتىپ، ئۆيىگە بېرىپ قورسىقىنى توقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئېرىقنىڭ تېخى چېپىلمىغان يېرىدىن قاشقا يامىشىپ ئېرىقتىن چىقتى. ئۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىرەر ئىنساننىڭ كەتمەن كۆتۈرۈپ ياردەمگە كېلىپ باقمىغىنىدىن ئاغرىنغاندەك ئەتراپقا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

«بۇ خەقنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپتۇ! — دەپ ئويلىدى بوۋاي خىيالغا چۆكۈپ. — ئۆز ئىشىغا ئۆزى ھۇرۇنلۇق قىلىدىغان، چىچقان - سىيگەنگە كادىر ھەيدىمىسە ماڭمايدىغان قاشاڭلىق نەدىن چاپلاشتى بىزلەرگە! بۇنداق خەق ئەمەس ئىدۇققۇ بىز؟ بىركىم ھەيدىمىسىمۇ بىر ئاتىنىڭ بالىلىرىدەك ئۇلىشىپ چىقىپ ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆل چاپىدىغان، مەھەللىدە بىرسىنىڭ ئۆيىدە تام ئەتسە مەھەللە بويىچە ئولاش - چولاش زەمبىل كۆتۈرۈشۈپ كۆمەك قىلىشىدىغان زامانلار نەگە كەتتى!...»

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي تېخى ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا مەھەللىدە يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ۋەقەنى ئەسلىدى.

ئۇ كۈنى مەھەللىدىكى ئاۋۇت تۈگمەنچىنىڭ مال قوتىنىغا قورا تېمى سېلىنىۋاتاتتى. ئاۋۇت تۈگمەنچى يېقىندىن بۇيان يۇرتتا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ تاش چۆرگىلەتكۈدەك سۇ كەلمەس بولغاندىن بۇيان تۈگمەن ھەيدىمەس بولغانىدى. شۇڭا باشقا تىرىكچىلىك يولىنى تۇتۇش ئۈچۈن بىر مال قوتىنى سالماقچى بولۇپ «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينى ئەنجان تام قويۇپ بېرىشكە چاقىردى. ياشىنىپ قالغىنى بىلەن غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي بالا ۋاقىتلىرىدا ئۆگەنگەن ھۈنىرىنى ھېلىھەم تاشلىماي كېلەتتى. مەھەللىدە كىمنىڭ ھويلا تېمى، ئېغىل تاملىرى بولسا ئۇزۇن چاپاننىڭ پېشىنى تۈرۈپ ئىشتان بېغىغا قىستۇرۇۋېلىپ، كۆپكۆك تومۇرلار بۆرتۈپ چىققان ئورۇق، ئىنچىكە پاقالچاقلىرى بىلەن ئەنجان تامنىڭ لايلىرىنى پېتىقلاپ ئىشقا چۈشۈپ كېتەتتى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بىكار يۈرۈپ قالسا ئىچى پۇشۇپ ئۆزىنى قىلارغا ئىشى يوق بىكار تەلەپ، كېرەكسىز ئادەمدەك ھېس قىلىدىغان بوۋاي بىرەرسى ئەنجان تېمى بارلىقىنى دېگەن ھامان ئۆزىگە لايىق ئىش چىققانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتەتتى. بولۇپمۇ مۇشۇ كەمدە يۇرتتا ئەنجان تېمى قوپالايدىغان ئۇستا قالمىغاچقا بوۋاي ئۆزىنىڭ ئەنجان تېمى قويۇش ھۈنىرى بىلەن قالتىس پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بوۋاي ئەنجان تامنى قۇر ئاتلاتماي قويسىمۇ باشقا تامچىلاردىن ئىككى - ئۈچ قاتارنى ئارتۇق قويۇپ مۇشۇ يۇرتتىكى ئەڭ ئېگىز ئەنجان تېمى قوپالايدىغان ئۇستا بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا مەھەللىدە بىرەرسى ئەنجان تام قويماقچى بولسا بوۋاينى ئۇستىكارلىققا چاقىراتتى. بوۋايمۇ چاقىرغۇچىنىڭ ئىشىغا دېگەن مۆھلەتتىن كېچىكمەي بالدۇر بېرىپ، ئۆزىنىڭ قېرىغان بىلەن كېرەكسىز ئادەم ئەمەسلىكىنى، بۇ ھۈنەرگە كامىل ئىكەنلىكىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن يەڭلىرىنى شىمايلاپ مەغرۇرلۇق بىلەن ئىشقا چۈشۈپ كەتسە باشقىچە خۇش ئاۋاز بولۇپ كېتەتتى.

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ئۇزۇن خەسە كۆينەكنىڭ پەشلىرىنى قىستۇرۇپ ساق ئىككى ئاش پىشىم لاي پېتىقلىدى. ئاندىن ئاۋۇت تۈگمەنچى تەييارلىغان يالتىراقنى تامنىڭ ئۇلىغا يېيىپ سېلىپ تەييار قىلغاندىن كېيىن بەلچىنى ئاۋۇت تۈگمەنچىگە تۇتقازدى. بالىجانلىق بولغان بىلەن بىرمۇ ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئاۋۇت تۈگمەنچىنىڭ ئۇزاق يىل سۇ تۈگمەندە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇن تارتىش جەريانىدا تېپىۋالغان پۇت ئاغرىقى لايىنى كۆرۈپلا قوزغىلىپ، ھېچقانچە ئىشلىمەيلا لايدىن يېنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئەستەغپۇرلا!... — دېدى ئاۋۇت تۈگمەنچى جىلە بولغان ھالدا باش چايقاپ. — قىز باللىغا خەۋەر بېرىدىغان گەپكەنتۇق ئەسلي، كۈيئوغۇللا بىلەن كېلىپ كۆمەكلىشەركەن.

— ياقا ژۇت دېگەن شۇ. باللىدىن خاپا بوغلى بومماس، توختىسىلا ئاۋۇتاخۇن، مەن چىقىپ ھازىرلا ئەدەمدىن ئىشككىنى تېپىپ چىرىمە.

— نەدىن تاپالا ئەدەمنى؟

— دوقمۇشتىكى سېرىق سۆگەتنىڭ سايىسىدا قىلغىلى ئىشى يوق باكا تەلەپ باللا جىق. ئەلە - مەلە دېگەن مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتمىسا قاچان ئەسقاتىدۇ؟ جىندەك تۇپ تۇسلا، بىي بېرىپ كېلەي...

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي قولىنى قۇرۇق تۇپىغا ئۇۋۇل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋەتكەندىن كېيىن چوڭ يولغا چىقىپ كەتتى. ئەمما ئانچە هايالشمايلا قاپقى چۈشۈپ چىرايى ئۇسال بولغان ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا ھەممىنى سەزگەن ئاۋۇت تۇگمەنچى چىش يېرىپ گەپ قىلمىدى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ قۇلاق تۈۋىدە يول بويىدا بىليارت ئويناۋاتقان ياشلارنىڭ بايىقى ھەر خىل بەرگەن جاۋابلىرى جاراڭلايتتى.

— مېنىڭ ھېلى قىلدىغان ئالدىراش ئىشىم باتى ھەسەنكا. خاپومايلا جىما... — دېگەندى بىرسى «ھەسەن قايغۇ» بوۋايغا سىلىق - سىپايە سۆزلەشكە تىرىشىپ.

— باكالىق ئىشەك بوسا بۇخارادىن مال توشۇپتۇ دەپ، بىزنى باكاچى كۆرەپ قالىلما ھەسەنكا؟ — دېدى يەنە بىر ياش بالا تەنە ئارىلاش تەلەپپۇزدا.

— قېرىغاندا ئەنجان تام سوقۇشقا چىم قويىدى سىلىنى، ئەخماق ئەدەمكەنلا سىلى!... — دېدى بىرسى تاپا قىلىپ.

— ئەنجان تام سوقمەن دېمەي ئەنجان تامغا يۆلىنىپ ئۇخلىسا بومامدۇ ما ئەدەم... — دېدى بىرسى ھەزىل قىلىپ.

— قېرىغاندا جان قايغۇسىدا قالماي تام قايغۇسىدا قالدىلمۇ ئەمدى!؟ — دېدى بىرسى بوۋاينىڭ لەقىمگە يۆلەپ چاقچاق قىلىپ.

قىلىنغان گەپلەر بىر - بىرىدىن ياپتا، ئاچچىق ئىدى. ھەتتا «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ لەقىمگە يوپۇتۇپ ئېيتىلغان گەپلەرگە ياش باللار مەسخىرىلىك ئاۋازدا قاقاھلاپ كۈلۈپمۇ ئۈلگۈرۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياشلار يامپاشلىرىنى بىليارت تاختىسىغا مەھكەم چاپلاشقىنىچە بىر كۆزىنى قىسىشىپ تاختا ئۈستىدىكى رەڭلىك تاشلارنى قارىغا ئېلىشنى داۋاملاشتۇردى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ گېپىنىڭ شىخى سۇنۇپ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشكەنچە قايتىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە بىرەرسىگە ئېغىز ئېچىپ گېپىنىڭ شىخى سۇنۇپ باقمىغاچقا بىليارت ئويۇنىغا بېرىلىپ كەتكەن ياش باللارنىڭ بايىقى ھۆرمەتسىزلىكى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇ ئاۋۇت تۇگمەنچىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپلا پۇتكۇل ئەلمىنى لايدىن چىقارماقچى بولغاندەك ئورۇق پاقالچاقلىرى بىلەن لايني يېنىش - يېنىشلاپ پىتقلاشقا باشلىدى. لاي پىشقاندا ئاۋۇت تۇگمەنچى ئىككىسى جىمجىت ھالدا قايتىدىن ئىشقا چۈشتى.

ئېرىق بويىدا ئاشۇ كۈنكى ئىشلار يادىغا كېلىپ ئىچى ئاچچىق بولغان «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي بېشىدىن شاپاق دوپپىسىنى ئېلىپ قېقىشتۇرۇپ، چاپانلىرىنى ئوڭشاپ ئەمدىلا ئۆيى تەرەپكە مېڭىۋېدى، ئۇ قۇمنى تارتقان كۆۋرۈكنىڭ ئۇدۇلىدىكى دەرۋازا يەڭگىل ئېچىلىپ ئورۇق مەڭزلىرىنى قىنىق قوڭۇر داغ قاپلىغان ئېغىر ئاياغ چوكان دەرۋازىدىن چىقىپ كەلدى.

— ئەسسالام ھەسەنكا، — چوكان داغ بېسىپ كەتكەن يۈزلىرىگە ئىللىق تەبەسسۇم يۈگۈرۈتۈپ بوۋايغا سالام قىلدى، — بۈگۈن ئېرىق چېپىشقا ئۈزلىرى يالغۇز قاپلىما؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ئۆرۈلۈپ قاراپ چوكاننىڭ سالىمىغا سالام قايتۇردى، — ھە، ھاشماخۇن قانداقراق ياتىدۇ بالام؟

— يامان ئەمەس، بايامنىڭياقى «ھەسەنكام ئېرىق چېپىۋاتقاندەك قىلىدۇ، مەنمۇ چىقىمەن» دەپ قەغشىلىك قىپ تۇرۇۋېلىپ، مەن چىققىلى قويمىدىم.

— ئوبدان بولاپتۇ بالام، پۇتىنىڭ دەردىنى تارتسۇنا ئۇ، يە دەسسەشكە ھايىلى با تېخى.

— تاماق پىشقانتى، ئۆيگە چىرىپ تاماق ئىچسىلە ھەسەنكا.

— بولدى، ئۆيگە باراي بالام. شۇ تۇرقىدا يېنىم قۇرۇقلا، ھاشماخۇننىڭ يېنىغا قۇرۇق قول چىرىشكە كۆڭلەم ئۇنىمايدۇ.

— ئۇنداق دېمىسلە ھەسەنكا، سىلى — بىزگە ھۆل - قۇرۇق دېيىش كەتمەيدۇ. ماقۇل دەپ جۇرسىلە، چۆچۈرە ئەتكەنتىم، قىززىقىدا بىر تاۋاق ئىچسىلە ھارغاندا، شۇ تاپتا ئاۋۇ سىلىنى ساقلاپ ئۆرە ئولتۇرىدۇ ھازىر.

— ئەستا!...

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي خىجىل بولغاندەك ئوڭايسىز كۈلۈمسىرەپ كۆپ تۈزۈت قىلماستىن ئارقىغا ياندى. دېمىسىمۇ بوۋاينىڭ قورسىقى ئېچىپ پاچاقلىرىدا ماغدۇر قالمايۋاتاتتى. چوكان دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى كەڭ ئېچىپ بوۋاينى ھويلىغا باشلىدى. ھويلىنىڭ ئەنجان تېمىنى بويلاپ تېرىلغان ئاپتاپپەرەسلەر ئەمدىلەتىن ئېچىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەممىسى كۈنگەيگە قاراپ بويۇن ئىگىشكەنىدى. ھويلىنىڭ چېتىدە تۈمۈرلىرى كونىراپ نەچچە يېرىگە تۆپى - تۆپىلەپ كەپشەر يېقىلغان باسما قۇدۇق تۇراتتى. باسما قۇدۇق ئەتراپى نەمخۇش بولۇپ، تەكشى سۇ سېپىلگەن ھويلىنىڭ ئىچى ئاددىي بولسىمۇ شۇنچىكى پاكىز، ئىللىق

ئىدى.

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ھويلىنىڭ چەللە پېشايۋىنى ئاستىدىكى سۇپىدا پۇتلىرى تارشىلاپ تېڭىلغان ھالدا ئۆرە ئولتۇرغان يىگىتنىڭ ئالدىغا ئىككى قولىنى تەڭلىگىنچە ئىتتىك كېلىپ كۆرۈشتى.

— ھاشىماخۇن، قانداق تۇرىسەن بالام؟

— خېلى ئوبدان ھەسىنكا، ئۆزلىرىچۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر بالام، ھەر ھالدا مۇشۇنداقراق تۇرۇپتىمەن.

— ئېرىق چېپىشقا يالغۇز قالغان ئوخشىماملا بۇگەن؟

— ئېچىپ - يېپىپ تۇرغان ئىشىكنىڭ ئۆلگۈچىكى چىرىمەس. مىدىرلاپ تۇغاننىڭ پايدىسى كۆپ بالام. خۇدا مۇشۇنچىلىك مىدىرلاپ تۇرغۇدەك ماغدۇر بەرگەندە باكا ياتساق ئۇۋال!...

— يانلىرىغا كەتمەننى ئېلىپ چىقاي دېسەم پۇتۇم مانداق، بەك تىت - تىت بولدۇم جۇما ھەسىنكا بۇگۈن!

— ياق، ياق بالام، سەن پۇتۇڭنىڭ دەردىنى تارتىشنى بىل، ھېلىمۇ جىق ھەرەج تارتىپ كەتتىڭ، ھە، قېنى داداڭ؟

— دادام مەلىدىكى نەزىردە قازان بېشىغا قارىشىپ ژۇرەمدىكىن.

— ھە راس، شۇ يەردە قاغانتى ئەتىگەن، نەزىرنىڭ پولوسى داداڭ بولمىسا ئوخشىمايدۇ جۇما، ئەتىگەنكى پولامۇ شۇنداق ئوخشاپتىكەن.

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي سۆزلىگەچ سۇپىنىڭ لېۋىگە سېلىنغان كۆرپىگە كاسىسىنى قويۇپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن بىر قوزغىلىۋېتىپ ئاندىن ھاشىماخۇنغا قاراپ ئېغىز ئاچتى.

— قانداق، ئاغرىق پىشكە تۈگىدىمۇ؟

— تۈگىدى ھەسىنكا، ئەمما يېتىۋېرىپ بەك ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، ساق چېغىمدا بازار كۈنلىرى ھارۋا ھەيدەپ كىرا قىلىپ خېلى تاپاۋەت قىلىۋالاتتىم، باكا ياتماق بەك تەسكەن. شۇ تاپتا ئىش قىلغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ، سىلىنىڭ ئىشىك ئالدىدا چېپىۋاتقان كەتمەنلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ بەك ئىچىم قايىندى جۇما! كەتمەنمۇ چاپقان بولغىيمىدىم، يولمۇ ماڭغان بولغىيمىدىم دەپ كەتتىم راسلام!...

ھاششماخۇن سۆزلەۋېتىپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ جىمىپ كەتتى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ھاشىماخۇنغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھەممە نەرسىنىڭ قەدرىنى بار چېغىدا بىلمەيمىز. ئىنسانچىلىق.

— بۇرۇن سىلىنى ھەسىنكام نېمانچە ئۇششاق گەپ قىلىدىغاندۇ، دەپ قاپتىكەنمە، «باكا ژۇگىچە باكا ئىشلەڭلا، پاچاقىنىڭ ماغدۇرى بار چاغدا، بىلەكنىڭ كۈچى بار چاغدا قىلىۋالمىساڭلار مەندەك بولغاندا پۇشمان قىپ قالىسىلەر» دېگەنتىلە، نەچچە ھەپتە يېتىپلا سىلىنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتىۋاتىمەن. تاشقا مۆھۈر باسقاندەك گەپ قىلىدىكەنلا!...

— يوغسۇ... ئەدەم قېرىغاندا مۇشۇنداق پاختەك قايغۇ بولاپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. ياش ۋاقتىمىزنى ئويلىساق ئىچىمىز قايناپدۇ! تۆمۈرنى قايرىپ سۇندۇرىدىغان، تېرەكنى ژۇلۇپ چۆرۈيدىغان ژىگىتلەردىن ئىدۇق! مانا ھازىر ئۇ كۈچ - قۇۋۋەتلەر يوق ئەمەسما... شۇڭا ئانچە - مۇنچە باشتىن ئۆتكەننى سۆزلەپ يوقنىڭ قەدرى ئۆتەلىسۇن دېسەك ھازىرقى باللىنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ. نەچچە كۈندىن بۇيان ئىشىك ئالدىدىكى تىنىپ كەتكەن ئېرىققا ھەر - بىر قالسام خۇددى ئېرىققا ئەمەس، پوكىنىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئىچىم سىقىلىدۇ. ئېرىقلىرىمىز چېپىقلىق، يوللىرىمىز تۈزلەڭلىك تۇرسا قالغان ھەممە ئىشى يۈرۈشمەمدۇ دېيىخان دېگەننىڭ! شۇڭا ئۆيدە يالغۇز ئولتىغىم كەممەي مۇشۇنداق ھەممە ئىشقا چېپىلىپ ئۆگىنەپ قاپتىمەن! باكا پاختەك قايغۇ دېمەيدۇ خەخمۇ!... ھى ھى ھى...

بوۋاي ئۆز گېپىدىن ئۆزى ھوزۇرلىنىپ خىرىلداپ كۈلدى. ئارقىدىكى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھاشىماخۇن ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويدى.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ھەسىنكا، سىلىنىڭ دېگەن ھەر - بىر ئېغىز گەپلىرى ئورۇنلۇق گەپلەر. ئەمما، توغرا سۆز بەزىلەرنىڭ قۇلىقىغا ياقماسلىقى مۇمكىن، بۇگەنمۇ ئېرىق چاپقىلى يالغۇز قاپلا، ئەسلى سىلىدەك يۇرتقا تەۋەرۈك ئەدەمنى كەتمەنگە ساماي ئولتاغۇزۇپ قوياپ، ئۆزىمىز چاپىدىغان ئېرىقتى. ئەگەر ساق بولغان بوسام كەچكىچە بىژدەم ئولتاماي ئېرىق چاپارىدىم، دەپ جىلە بوپ كەتتىم جۇما، ئۆزلىرى يالغۇز جىق ماشاقەت تاتىپ قالدىلا، بولمىسىغۇ سىلىنىڭ سۆيىنى تۇتۇپ بولالمىغۇدەك جىق يەرلىرىمۇ يوق ئىدى بۇ مەھەللىدە.

— قانداق قىلىمىز بالام، بىژ كىچىدە ئېڭىكىم چۇشۇپ قاسا قارا يەرنىڭ ئاستىغا چىرىكتىدىغان جان بۇ-

خۇدايىم بەرگەن جاننى خۇدا يولىدا ئىشلىتىپ تۇرغۇلۇق، ئىش قىلغانغا ئىدەم ئۆلەپ قامايدۇ. بىر كۈنلەردە خەقمۇ قەدرىمىزگە يېتىپ قالا بالام...

— خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى بىرە، بۇنىڭدىن كېيىن تارتىنماي ئۆيگە چىرىپ ئىسسىق ئىچىپ چىكەتسىلە ھەسىنەكا، دادامۇ دائىم سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاغزىدىن چۈشەمەيدۇ. ئۆيلىرىدە تىغدەك يالغۇز ئوتتاماي چىرىپ دادام بىلەن ھال-مۇڭ بولاپ ئولتۇرۇپ كەتسىلە.

— مەھەللىدە ئىمام، داداڭ بىلەن مەن قوشۇلۇپ ئىككى-ئۈچ قېرى قاپتۇق. ئىمامنىڭ يېشى ھەممىمىزدىن چوڭ، ئاران مېڭىپ قاغىنى بىلەن دىلى يورۇق كىشى. دائىم ئەۋلىمنى سوراپ تۇرىدۇ. داداڭ بىلەن جۈمە نامازلاردىن يانغاندا ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كەچكىچە مۇڭداشساق كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. داداڭغا دائىم دەيمەن، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ ئۆلەپ-تاتىپ قاسام ئوغلۇڭ ھاشماخۇن ئوغلۇمنىڭ ئورنىدا جىنازامنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، جامائەتتىن رازىلىق تىلەپ قويسۇن، تۇپراق بېشىمدا قول باغلاپ جامائەتتىن دادام قانداقراق كىشتى دەپ بىر ئېغىز سوراپ قويسۇن دەپ!...

بوۋاي بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئاۋازى تىترەپ كالتە ساقىلى يىنىك تىترىدى. ئۇ پوتىسىنىڭ ئۇچى بىلەن ياشتا نەمدەلگەن كۆزنى بېسىپ سۈرتۈۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— ساڭمۇ بىر كۈنى دېمەكچىتىم بۇ گەپنى، ئارقاڭدىن ئىز باسقان بالام يوق، ئۆلۈكۈم قەدىر-يوسۇنسىزلا كۆمۈلۈپ كېتەرمۇ، دەپ غەم يەيمەن بالام.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە ھەسىنىكا، خۇدايىم ئۇمۈرلىرىنى زىيادە قىلا...

ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئېغىر ئاياغ چوكاننىڭ چىندە چۆچۈرە ئېلىپ كېلىشى ئۈزۈپ قويدى. چوكان چىنىنى ئىككى قوللاپ بوۋايغا ئۇزاتقىنىچە ئېغىز ئاچتى.

— ئاش ئىچسىلە ھەسىنىكا، قورساقلىرىمۇ ئېچىپ قالدى ھەقچان.

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي چوكاننىڭ قولىدىن چىنىنى قوش قوللاپ ئېلىۋېتىپ چوكانغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— چۆچۈرىكەن ھە؟

— ھەئە، ئاۋۇ ھەسىنكام چۆچۈرىگە ئامراق، چۆچۈرە ئېتىپ ھەسىنكامنى تاماققا قىچىرغىن دەپ... ئوخشىماي قالدىمۇ بۇ ئاش...

— تاماقنى ئۇنداق دېمەيدىغان بالام، ئوخشاپتۇ. تازا ئوخشاپتۇ...

بوۋاي ھەقىقەتەن چۆچۈرىگە ئامراق ئىدى. ياش ۋاقىتلىرىدا دائىم بازاردىن ياناشىدا قاسساپنىڭ ئالدىدا توختاپ گۆشنىڭ چۆچۈرىگە لايىق يېرىدىن كەستۈرۈپ ئەكىلىپ ئايالىغا چۆچۈرە ئەتتۈرۈپ ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى. قەدىناس ئايالى رەھمەتلىك بوپ كەتكەندىن كېيىن بوۋاي چۆچۈرىنى كەمدىن-كەم ئىچەلەيدىغان بوپقالغاندى. شۇڭا ئۇ قىزىق چۆچۈرىنى تەرلىنىپ ئولتۇرۇپ تەسۋىرلىگۈسىز راھەت بىلەن ئىچتى. يالغۇز جان بولغاچقا ئوچاقتا كۆمەچ كۆمۈۋېلىپ نەچچە كۈنگىچە شۇنى ساقلاپ يەيدىغان بوۋاي ئىسسىق ئاش ئاچقان يېرىگە بېرىپ، چېكىسىنى پۇررىدە تەرلەتتى. بوۋايىنى ئاش بېسىپ ئېزىلىپ قالغىنىنى كۆرگەن ھاشماخۇن قازان بېشىدا بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن ئايالىغا بۇيرۇق قىلدى.

— سارىگۈل، ھەسىنكامغا تەكيە قوياپ بىرە، بىردەم كۆزنىڭ ئاچچىقنى چىقىرىۋالسۇن!

— بولدى، — بوۋاي سەل-پەل ئېلىشقان كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ بېشىنى چايقىدى. — دۇئا قىلىپ چىقاي بالام، ئۆيگە چىقىپ پېشىن ئوقۇۋالاي.

— پېشىنگە تېخى ۋاقت با ھەسىنكا، ھېلى مەشەدە ئوقۇسىلا، ۋاقتى كەلگەندە مەن ئويغۇتۇپ قويىمەن. جىندەك ياماپاشلىسىلا، ھېرىپ قالدىلا...

ھاشماخۇننىڭ ئايالى سامان تەكيىدىن ئىككىنى جۈپلەپ بوۋاينىڭ يېنىغا قويۇپ بەرگەچ تەكلىپ قىلدى.

— ئاشتاغ قىلسىلا ھەسىنكا، كۆزلىرىنىڭ ئۆيى بومۇ...

ئىككىكيلەننىڭ زورلاشلىرىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ قالغان بوۋاي ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماستىن ياستۇققا جەينەكلەندى. ئەتىگەندىن بېرى بىردەم ئولتۇرماي چاپقان كەتمەندىن ئېزىلىپ قالغان بوۋاينىڭ كۆزلىرى شۇ زامات قىياندەك باستۇرۇپ كەلگەن ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

بوۋاي چۈشتىن كېيىنمۇ ئۆزى يالغۇز ئىشلىدى. چۈشتىن بۇرۇن چاپقان ئېرىقىغا قارىغاندا چۈشتىن كېيىنكىسى ئانچە ئاۋۇمىدى. ئېرىقنىڭ ئىككى قاسنىقىغا زىچ سېلىنغان جىگدىلەرنىڭ شاخلىرى ئېرىقنى توسۇپ ئانچە ئىش ئاۋتۇرمىدى. ئەمما ھەر نېمە بولسا ئىسمى-جىسمىغا لايىق «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي يېنىدا بىر كەكنى ھەر ۋاقت پو-

تىسىدىن ئۇزمەي ئېلىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ كەكىسنى ئېلىپ ئېرىقنىڭ ئىچىگە پۇتلاشقان جىگدە شاخلىرىنى چاتاپ كېسىپ يول ئېچىۋېلىپ ئاندىن چاپقانلىقتىن قىلغان ئىشىنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا بولدى. ئەمما بوۋاي ئىشنىڭ ئاستا ـ ئىتتىكلىكىنى بەك سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئىشلىسە ئولتۇرۇپ قالمايدۇ، توختاپمۇ قالمايدۇ. پەقەت قىلغان ئىشى ئۆز كۆڭلىگە ئەرزىسىلا ھارغىنىنى، چارچىغىنىنى بىلمەي پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەيدۇ. تۆت تامىنىڭ ئىچىدە يالغۇز بۇرۇقتۇم بولۇپ ئولتۇرغاندىن كۆرە قىلدىغان ئىش بولسىلا بىكار تۇرماي مىدىرلاپ تۇرۇشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ 70 كە بېرىپ قالسىمۇ گۈرسىلدىتىپ مېڭىشلىرىنى، كەتمەننى توختاتماي چېپىشلىرىنى، تېنىنىڭ ساقلىقىنى، كۈمەچ بولامدۇ، قاتتىق نان بولامدۇ، نىمە يېسە سىڭدىدىغان تىمەنلىكىنى مۇشۇنداق جىم تۇرماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرغانلىقىنىڭ خاسىيىتىدىن دەپ بىلىدۇ. شۇڭا بىر مىنۇت بىكار تۇرۇشنى خالىمايدۇ، چارچاش ھېس قىلمايدۇ.

ئەمما بوۋاينى چارچىتىدىغىنى ئىش ئەمگەك ئەمەس، كۆزىگە ياقمىغان ئىش ـ ھەرىكەت، دىلىغا، كۆڭلىگە ياقمىغان سۆز.

بوۋاي ئېرىقنىڭ ئىچىگە يېتىۋالغان جىگدە شېخىنى چاتاۋاتقاندا دەرۋازا ئېچىلىپ ئۆي ئىگىسى چىقىپ كەلدى. ئۇ ئېرىقنىڭ ئىچىدە بىر كىمنىڭ تىكلىدىتىپ شاخ چاتاۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئېرىق بويىغا كەلدى. ئۇ ئېرىقنىڭ ئىچىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ جىگدە شاخلىرىنى چاتاۋاتقان «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينى كۆرۈپ قاپقى يىنىك تۈرۈلدى.

— ھەسىنكا نىمە ئىش قىلىۋاتىمىز ؟

بوۋاي ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قاشتا يوغان قورساقلىرىنى پىخىلدىتىپ ئاران كۆتۈرۈپ تۇرغان دوغىلاق يىگىتنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى.

— ئېرىقنى چېپىۋېتەيلى دېسەك، جىگدە شاخلىرى يېتىۋاپتۇ. چاتىۋېتەي ئۇكام.

— سىلى ماڭا جىگدە سېلىشىپ بەمگەن بولغىيتىلە ؟!

— سېلىشىپ بەمگەن بىلەن كىسىشىپ بەردىمغۇ مانا ؟!

— چىك ئاي!... ئېشەكنىڭ قوتىدەك چاقچاققا بۇردمىسىلا گەپنى!

قورساقلىق يىگىت ئاچچىقلانغىنىچە شۇنداق دەپ جايىدا بىرنى چۆگىلەپ توختىدى؛ «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي قولىدىكى كەكىنى قىرغا قويۇپ بېلىنى تۈزلىدى.

— چاقچاق قىپ قويدۇم ئۇكام، جىگدە سېلىشىپ بەرمىگىنىم راس. ئەمما، كۆرەۋاتقانسە مانىكا، ئېرىق تىنىپ سۇ ئاقماس بوپقاپتۇ. چاپايلى دېسەك جىگدە شېخى پۇتلىشىۋاپتۇ، قايداغ قىلىمىز ئەمدى...

— ھەلىنىڭ ئېرىقىدا سۇ ئاقمىسا مېنىڭ جىگدەمدە نىمە گۇنا؟

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى ئۇكام، ئېرىق بەلەن بولسا سەن بىلەن مېنىڭ يېرىمگە سۇ باردۇ.

— بارسا يالغۇز مېنىڭكىگە باراتتى؟ مېنىڭ بەش مو يېرىم سۇغۇرۇقسىز قالمايدۇ.

— سېنىڭ بەش مو يېرىڭ سۇغۇرۇقسىز قالمىسا قالغان خەقلەر قانداغ قىلىدۇ؟

— خەقنىڭ يېرى بىلەن نىمە كارىم؟

— نىمە كارىم؟ مۇشۇمۇ ئوغالبالىنىڭ قىلىدىغان گىپى بولدىمۇ ئەمدى؟ بىر مەھەللە، ھەقەمسايە ـ قوشنا تۇرۇپ بىر ـ بىرىمىز بىلەن كارىمىز بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

بوۋاي ئۆي ئىگىسىنىڭ تېرىكىپ تۇرغىنىغا پەرۋامۇ قىلماي چۈشەندۈردى، ئېزىپ ئىچۈردى. كۆپچىلىكنىڭ ئېرىقى، كۆپچىلىكنىڭ يېرى، كۆپچىلىكنىڭ سۈيى، كۆپچىلىكنىڭ رىسقى دەپ بىر مۇنچە سۆزلەپ دوغىلاق يىگىتنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋېلىۋەتتى. ھەئە، دوغىلاق يىگىت «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ كەتمىسىمۇ ئەمما بىر ئۇزۇنغىچە باشلىرىنى لىڭشىتىپ، ساقاللىرىنى تىترىتىپ، قوللىرىنى ئاۋۋال ئۇۋىلاپ، ئاندىن بارا ـ بارا شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلەشلىرىدىن ئىچى پۇشۇپ، گەپنىڭ جىقلىقىدىن باشلىرى قىيىپ غىپپىدە ئۆيىگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئادەم قېرىغانسېرى بويى تەتۈرگە ئۆسەمدۇ قانداق، «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ يېشى 70 كە يېقىنلاشقانسېرى بويى تېخىمۇ ۋىجىكلىشىپ كەتكەندى. ئۆزىنىڭ ۋىجىكلىكىگە باقماي بويىغا خېلىلا چوڭ كېلىپ قالغان ئۇزۇن چاپانى كىيىپ، بېلىگە چىگىدە پوتا باغلاشلىرىدىن يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر خىل چاقققانلىق چىقىپ تۇراتتى. ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي بىسلىرى ئۆپىراپ كەتكەن ئەپچىلىكنە كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ دائىم ئالدىراش يۈرىدىغان بۇ بوۋايدىن ھەممە ئادەم تەپ تارتاتتى، ئەمما تەپتارتىپ تۇرۇپ ياقتۇرمايتتى.

— نېمانداق بىساپا كەتمەن چاپىدىغان بالسەن! — دەيتتى ئۇ ئېچىققا توپا تاشلاۋاتقان بىرسىنىڭ چاپقان كەتمىننى ياقتۇرمىسا. — قاشنى بۇزۇپ توپا ئالدىڭمۇ؟ سەن سۇيۇڭنى تۇتۇۋېلىپ غېپىدە چىركەتسەڭ خەق قانداغ قىلىدۇ؟!

كۆرگەنلا ئىشقا چېپىلغان بوۋايغا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولۇپ كەتكەن مەھەللە ياشلىرىدا ئامال يوق ئىدى. چۈنكى، بوۋاينىڭ قىلغان گېپى ئورۇنلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشقا چوڭ، يا ئاغزىغا ئىككىنى قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللىدىكى چوڭلارمۇ بوۋاينىڭ يوق يېرىدە تازا تىللاپ غەيۋىتىنى قىلغان بىلەن، ئالدىدا «ۋاي ھەسىنكا، سىلىنىڭ راس، سىلىنىڭ توغرا» دەپ تۇرىدۇ. ھەتتا ياشلارنى «ئىشۇ پاختەك قايغۇ ئوغرىنىڭ چىشىغا تەگمەڭلا، نېمە دېسە دېسۇن، ھە دەپ قوياڭلا...» دەپ بېسىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ياشلارمۇ ئامالسىز «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينى كۆرسە يا غېپىدە ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، يا ھە، سىلىنىڭ راس دەپ قويىدۇ. پەقەت بولالمىغاندا بولسا تەنە، ياپتا، ئاچچىق گەپلەر بىلەن رەددىيە بېرىۋالىدۇ. ئەمما «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ياخشى گەپ ئاڭلىسىمۇ، يامان گەپ ئاڭلىسىمۇ ئوخشاشلا كۆزى كۆرگەننى بۇيرۇپ، قىلدۇرالمىسا ئۆزى قىلىپ مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىدە ھەممە كىشىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ يۈرگىنى يۈرگەن.

بوۋاي كەچكىرگىچە يالغۇز ئېرىق چېپىپ چارچىغاندا ئېرىقتىن چىقتى. بايىقى دوغىلاق يىگىتنىڭ تەنىسى تېخىچە قۇلاق تۈۋىدە بولغاچقا بوۋاي خاپىغاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر دائىم باشقىلاردىن مۇشۇنداق سوغۇق گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ يەنىلا دائىم باشقىلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ يۈرۈيدىغانلىقىنى بۈگۈن تۇنجى بولۇپ ئۆزى ھېس قىلدى. خەققە ياخشى بولارمىكىن دەپ يۈرۈپ ھەممە ئادەمنىڭ ئەڭ خوشى يوق ئادەم بولۇپ قالغىنى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلدى.

«مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ خۇشى قالماپتۇ... — خۇرسىندى بوۋاي مەسسىسگە چاپلاشقان بەز لايىنى تاياق بىلەن قېقىشتۇرغىنىچە. — مېنى كۆرسە ھەممە ئەدەم چەت بىلەن ماڭىدۇ! مەن گەپ قىلساملا گېپىمنىڭ شېخىغا ئۇرىدۇ، يا كۇسۇرلىشىپ مەسخىرە قىلىشىدۇ. قىلغان سۆزۈم ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ. زادى مەن راستىنلا پاختەك قايغۇ بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟... راس، قېرىغاندا ئالجىپ سۆزلەپ مەلىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويغان ئوخشايمەن جۇما! ئەدەمنىڭ ئۆز سەۋەنلىكى ئۆزىگە ئايان بولماس. مەن قېرى ئۇششاق سۆزلەپ ئۆزۈمنىڭكىنى راس دەپ ھەممە ئەدەمنى بىزار قىپ قويغان ئوخشايمەن. بولمىسا ھەممە كىشى مېنى كۆرسە ۋابادىن قاچقاندەك قاچامتى؟ بۈگۈنكىدەك مويۇم ئىش قىلغان كۈنى شۇنچىۋالا 40 - 50 تۈتۈنلۈك مەھەللىدىن بىرمۇ ئەدەم يېنىمغا چىقماي قويارمىتى؟...»

ئەمما «ھەسان قايغۇ» بوۋاي تۇرۇپلا بۇ ئويدىن يېنىۋالدى.

«يوق گەپ! مېنىڭ قىلغان گېپىمنىڭ نېرى خاتا؟ بۈگۈن قىلغان ئىشىمنىڭ نېرى خاتا؟ ئېرىقلار تىنىپ سۇ ئاقمىسا چاپىدىغان ئىش ئاتام زامانىدىن تارتىپ بار ئىشلارغۇ؟ مەھەللىدىكىلەر ئۆتكەندە سۇ تۇتقىچە تازا قىينالمىدىمۇ؟ ئېرىقتا سۇنى ئاقتۇرالماي ھەممە يەرگە تاشقۇزۇپ خەپ، مۇشۇ سۇدىن كېيىنلا ئېرىقلارنى بىر چاپايلى!... دېيىشمىدىمۇ؟ ئەمدى بۈگۈن نېمىشقا بىر ئىنسان كەتمەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ باقمايدۇ؟ ھېلىقى بىر چۆچەك بولىدىغان، مايمۇن يامغۇردا قېلىپ خەپ، يامغۇر توختىسا ئۆي سالىمەن دەيدىكەن، ئەمما يامغۇر توختىغان ھامان دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلىپ ئوينايدىكەن. ئەتىسى يامغۇر ياغسا يەنە «خەپ يامغۇر توختىسا ئۆي سالىمەن دەيدىكەن. يامغۇر توختىسا يەنە ئۇنتۇپ قالىدىكەن. ھەي، خەقلەر ھازىر دەل مۇشۇنداق قاششاقلىشىپ كېتىپتۇ، ھەممىسىنىڭ كۆڭلى قارىداپ كېتىپتۇ... بولدىلا، ئەمدى كۆڭلى قارا ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ ياخشىلىق، ساۋاب ئىزدەپ قېرىغان جېنىمدا خەقنىڭ نەزەرىدىن چۈشكىچە سىڭگەن نېنىمنى يەي، خەق نېمە بولۇشسا بولمامدۇ؟!...»

بوۋاينىڭ كېيىنكى خىيالى قېيداش ئىچىدە داۋاملاشتى. ئۆزىگە سەۋەنلىك ئىبلىپ قالغۇسى كېلىپ، لېكىن يەنىلا كاللىسىدىن ئۆتمىگەن بوۋاي كىملەردىندۇر ئاغرىنىپ، كىملەرگىدۇر قېيداپ باققۇسى كەلگەندى. ئەمما زادى كىمدىن ئاغرىنىپ كىمگە قېيداۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى.

«بولدى، ئەمدى ھېچنېمە بىلەن كارىم يوق! كۆمچىمنى غاجاپ، ئىبادىتىمنى قىلىپ غىت قىسىپ ئولتۇراي!...»

بوۋاي خۇددى بىرسىگە سۆزلەۋاتقاندەك بوش گىدىڭشىپ چاپانلىرىنى قېقىشتۇردى. كەتمىننى دولىسىغا سېلىپ ئەمدىلا ئۆيى تەرەپكە مېڭىۋېتىپ ئالدى تەرەپتە

ئېرىقنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ كەتمىنىنى تاراقشىتىپ بىر ئىش قىلىۋاتقىنىنى بايقىدى.

«بۇ ياقتىمۇ بىرسى ئېرىق چېپىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟»

بوۋاي مېڭىشتىن توختاپ ئېرىق ئىچىگە زەن سالدى. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى توسۇپ تۇرغان ئېرىقنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ كۆلەڭگۈسى ئۇ ياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى.

«دېگەن بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىدىغانلار با جۇما!... ـ ھەسەن قايغۇ بوۋاينىڭ كۆڭلى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. بايىقى قېيداشلىرى، ئاچچىقلىرى قاياقلارغىدۇر پۇرررىدە تۇزۇپ كەتكەندەك بولدى. ـــ ھەممە ئەدەم مېنى ئەسكى دېمەيدۇ. مانا، چىققانلار چىقىپتىغۇ ئېرىق چاپقىلى؟ تېخى ماڭا گەپ قىلماي چىقىپ ئېرىقنىڭ ئاياغ تەرىپىنى چېپىپ بولدىمۇ نەچچىسى، ھەممە ئەدەم سەندەك پاختەك قايغۇ، قىلغان ئىشنى مىننەت قىلىپ يۈرمەيدۇ ھەسەن قايغۇ! ئۆزۈڭچە قېيداپ كەتكەنلىرىڭ...»

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ئۆزىنىڭ بايىقى قېيداشلىرىدىن ئۆزىچە خىجىل بولۇپ بەدەنلىرى قورۇنغاندەك بولدى. كىمدۇر بىرى ئۆزىدىكى بۇ خىجىللىقنى كۆرۈپ قالىدىغاندەك ئەتراپىغا ئۇمسە قاراپ قويدى. ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بوۋاي خاتىرجەم بولۇپ يېنىك تىن ئالدى.

«ئۇف! ھە نىم بولسا بۇ قېيداشلىرىمنى بىرسىگە گېپىم با دەپ تىنىپ سالماپتىمەن جۇما! بولمىسا قېرىغاندا نېمە سەتچىلىك بولاردى! 40 ژىللىق ئىبادەتنى بىز ئېغىز رىيا بۇزىدۇ دەپ، بىز ئېغىز تەتەمپەتى گەپ بىلەن تاماس قاپتىمەن ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشكىلى!... خۇدايىم ئۆزۈڭ ئەپرە قىلاسەن، قېرىغاندا ئالجىغان ئەخمەق خىيالىمنىڭ گۇناھىنى!...»

بوۋاي ئۆز ـ ئۆزىگە شۇئرلىغىنچە يولىغا چۈشتى. ئۇ يولنىڭ چېتى بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ بايىقى كۆلەڭگۈنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز توختىدى.

ـــ قاسىڭلا؟ ـــ دەپ سورىدى بوۋاي ئېرىققا بويۇنداپ قاراپ. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئۇن ـ تىنسىز چىقىپ ئېرىق چېپىۋاتقان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كەلگەندى. بىراق، ئېرىقتىن سادا چىقماي بايىقى كۆلەڭگۈ جىمىپ قالدى.

بوۋاي سەل ھەيران بولۇپ قايتا قىچىردى.

ـــ ئېرىقتىكى قاسىڭلا؟

يەنىلا جىمجىت.

بوۋاي ھەم ھەيران بولۇپ، ھەم قىزىقىپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئېرىققا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ ئېرىق ئىچىگە بويۇنداپ قاراپ 15، 16 ياشلاردىكى ئوغۇل بالىنىڭ ئېرىقنىڭ ئىچىگە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆردى. بوۋاي سىنچ كۆزلىرى بىلەن قاراپ بالىنى توندى.

ـــ ئەمەتمۇ سەن؟

ـــ ھەئە.

ـــ نېمىش قىلىۋاتىسەن؟

ـــ توغ كۆمۈۋاتىمەن؟

ـــ توغ كۆمۈۋاتىمەن؟

ـــ ھەئە.

ـــ سۇ بېرەمدىكەن؟

ـــ ئۇقمايمەن.

ـــ ھە، تەييارلىق قىپ قويماي دەپسەن ـ دە. بەلەن قىپسەن، ئوغال بالا دېگەن مۇشۇنداق ئىشىغا پىششىق بولاش كېرەك!

بوۋاي يەردىن ئۇستۇن قارىماي تۇرغان بالىنى ماختىغاچ ئارقىغا يېنىۋېتىپ توغ سىلىپ دۆۋىلەنگەن توپىنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان پىششىق خىشنىڭ پارچىسىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى.

ـــ نېمە ئاۋۇ؟

ـــ ھېچنېمە.

بالا قىسقا جاۋاب بەردى. بوۋاينىڭ كۆڭلى نېمىنىدۇر سەزگەندەك بولۇپ كەتمىنىنى دولىسىدىن ئېلىپ ئېرىققا چۈشتى. ئاندىن ئېڭىشىپ قاراپ توپىغا پاتۇرۇۋېتىلگەن پىششىق خىش پارچىسىنى كۆردى.

ـــ توپىنىڭ قېتىغا تاش كۆمىدىغان ئىشنى نەدىن تاپتىڭ؟

بوۋاي قىش پارچىسىنى ئېلىپ قاشقا چۆردى. ئاندىن كەتمىنىنى ئېلىپ توغ سالغان توپىغا كۈچەپ سىلىۋىدى، كەتمەننىڭ بىسى توپا ئارىسىدىكى تاش پارچىلىرىغا تاگگىدە تېگىپ كەتمەننىڭ بىسىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

ـــ بۇ سېنىڭ قىلغان ئىشىڭما؟!

بوۋاينىڭ كۆزلىرى بالىغا غەزەبلىك تىكىلدى. ئۇنىڭ كەتمەن سېپىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى كۆرۈنەرلىك تىترىدى. ئاندىن بىرلا يۇلقۇنۇپ بالىنىڭ قولىقىدىن تۇتتى.

ـــ ماڭە، داداڭ قېشىغا ئېچىرىمەن سېنى! خەقنىڭ سۇ

www.uyghurkitap.com



تۇتىدىغان ئېرىقىغا تاش كۆمۈپ تۇغ سېلىشنى چىم ئۆگەتتى؟

بالا تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىماي، بوۋاي بالىنى مېڭىشقا زورلاپ تۇرغان شۇ مىنۇتتا ئۇدۇلدىكى ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ ئېرىق ئىچىدە بولۇۋاتقان جەڭگى ـ جېدەلنى ئاڭلاپ ئۇدۇل مۇشۇ تەرەپكە كەلدى. ئۇ مۇشۇ بالىنىڭ دادىسى ئىدى.

— نىمىش بولدى ھەسىنكا؟ بالامنىڭ قۇلىقى نېمە غەم ئەكەلدى سىلىگە؟!

— قالا ما بالاڭنىڭ قىلغان ئىشىغا، تاش كۆمۈپ تۇغ سالغان نەدە با؟

— توپىغا بىرەر تال تاش دېگەن ئارىلىشىپ قالدۇ، شۇنىڭغىمۇ قۇلاقتىن سوزۇش كېتەمدۇ؟

— ئۇكام رەمتاخۇن، بىرەر تال ئەمەس، غىچ تاش ـ داشقاللارنى كۆمەپتۇ بالاڭ، قالىغىنا، خەقكە قەست قىلغانلىققۇ بۇ؟

— قانداقسىگە قەست بولىدۇ، سەن ئارىلاشمايدىغان ئىشمۇ بامۇ زادى بۇ مەھەللىدە؟!...

— ئۇقمىغان ئەدەم قاراڭغۇدا تۇغنى ئۆرۈيمەن دەپ بىلمەيلا كەتمەن سالسا كەتمەن چاچراپ ئوشۇقنى چاقمامدۇ؟

— چاقسا چاقا! مېنىڭ چېقىلمىغاندىكىن، بېغىم ئېرىقتىن ئېگىز، دايىم سۇ چىقماي قىينىلىمەن. ئاران كۆمۈپ قويغان تۇغۇمنى خەق ئۆرۈپ كېتىدۇ، تاش ـ توپا تۇغنى قانداق ئۆرەكەن قېنى كۆرەي...

— ھە... — «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي بېشىنى ئۇزۇلدۇرمەي لىڭشىتىپ ۋەزمىن سۆزلىدى، — بۇ گەپچە بۇ ھۈنەرنى بالاڭغا سەن ئۆگىتىپتىكەنسەن ـ دە؟

— مەنغۇ ئۆگەتمىگەن، ئەمما ئوغلامنىڭ كاللىسى ئىشلەيدىكەن! سەنمۇ قىرىغاندا ھەممە ئەدەمگە جىن چېپىلغاندەك چېپىلىپ ژۇرمەي ئۆيەڭگە چىرىپ كۆمچىڭنى كۆمسەڭ بومامدۇ!؟...

— كوسا ئوغرى بىلەن مۇسا ئوغرىنىڭ تىلى بىژژى دەپ، دادا ـ بالا ئىشككىڭ يامان ئوغرىكەنسە! ـ «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي غەزەبتىن تىترەپ سۆزلىگىنىچە ئېرىقتىن چىقتى. — بۇ مەلىدە خەقكە ئورا كولايدىغان سەندەكلەر چىقىپ باقمىغان. تۆۋە قىلدىم خۇدايىم، تۆۋە قىلدىم! ئاجايىپ ئەدەملەر باركىنا!... خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە ئامانەت!... پەيلى شەيتان...

بوۋاي ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگىنىچە ئېرىقتىن يىراقلاشتى. ئۇ شۇ ئاچچىقىدا دولىسىغا سېلىپ يۈرۈيدىغان كەتمىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. بوۋاي غودۇڭشۇپ مېڭىپ ئېرىق بويىدا قالغان كىشىنىڭ قارغىشىنىمۇ ئاڭلىمىدى.

— مۇشۇ ئەدەمنى ئەجەب ئۆلەمنىڭ كۆزى كۆمدى! قايانغا قالىسا جىن چاپلاشقان ئەرۋاھتەك بىر ئىشلارغا چېپىلىپ ژۈرگەن!...

شۇنىڭدىن كېيىن «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي نەچچە كۈنگىچە خاپىغانلىقتا تالاغا چىقمىدى. مەلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى كۆرسىلا بىر قىسما قاراشلىرى، بارغانسېرى پەردىشەپ قالماي يۈزىدىن ـ يۈزىگە يامان گەپ قىلىشلىرى، دوق قىلىشلىرى، ياخشىلىقنى نىيەت قىلغانسېرى يامان گەپ، قارغىش ئاڭلاشلىرى ئىچىنى تاتىلاپ يالغۇزسىراشقا، يېتىمسىرەشكە باشلىدى. ئۆزىنى ئەمدى بۇ مەھەللىدە كېرىكى قالمىغان ئادەمدەك ھېس قىلىپ ئىچى پۇچىلىناتتى. ياش ۋاقىتلىرىنى، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىغان شىرمەت چاغلىرىنى ئويلاپ ئىچى قايىنايتتى.

ھەئە، «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي ياش چاغلىرىدا، «ھەسەن قايغۇ» دېگەن لەقەمنى ئەمدىلەتىن ئالغان چاغلاردىلا خەقنىڭ ئېغىزىغا چىققان نوچى يىگىت ئىدى. قايسىدۇر بىر يىلى يۇرتقا كەلگۈن كېلىپ، يۇرت ئىچىدىكى ئۆستەڭنى كەلكۈن ۋەيران قىلىشقا باشلىغاندا پۈتۈن يۇرت ـ ۋاقىدىكىلەر ئولىشىپ ياغاچ توسمىلارنى پۇختىلىدى. ئادەم يوتىسىدەك يوغان ياغاچلاردا ياسالغان لىم قوزۇقلارنى قاشقا قېقىش ئۈچۈن ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ كۆتمىكىدە ياسالغان جوۋازنىڭ گۈندىسىدەك چوڭلۇقتىكى ياغاچ توقماقلارنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇش كېرەك ئىدى. شۇ چاغدا ھېچكىم كۆتۈرەلمىگەن توقماقنى «ھەسەن قايغۇ» قارام كۈچىگە تايىنىپ كۆتۈرۈپ قوزۇقلارنى قاشقا قېقىپ تۇرغۇزغاندا ئالامان ھەيران قالغان. بولۇپمۇ كەلكۈنگە مۇداپىئە قىلىش ھاشىرىدا توسمىدىن چۈشۈپ كېتىپ توسمىنىڭ ئالدىدىكى چوڭقۇر قاينام ھاپ ئەتكەن بىرەيلەننىڭ كەينىدىن كۆينەك ـ تامباللىرىنى يېشىپ تاشلاپلا پورۇقلاپ قايناۋاتقان ئۇماچتەك لاي قايىنامغا سەكرىگەن «ھەسەن قايغۇ» ھەممىنى ياقا چىشلىتىپ ساراسىمىگە سالغان.

— تەلۋىكەن ماۋۇ! بۈگۈنكىدەك كەلكۈن ئەمەس، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ چۈشۈپ كەتكەن ئادەم ساق چىقمايدىغان قايىنام تۇرسا بۇ!...

— قايىنام ئەمەس، ئەجدىھا دېگىنە بۇنى...

— نېمىلا بولمىسۇن باھادىرلىق قىلدى!

— ھەي ئىست، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولماس ئىدى دە!

— خۇدايىم ئاسانلىق بېرەر...

شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بەردى! مەيدىسىدىكى قويۇق قارا يۈڭلىرى مىسرەڭ تېرىسىگە چاپلىشىپ، ئىككى قولىقى، جاۋغايلىرى، بۇرۇن تۆشۈكلىرى قاپقارا لايغا توشۇپ كەتكەن «ھەسەن قايغۇ» نىمجان ھالەتكە كەپقالغان قېرىندىشىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ قايىنامدا پەيدا بولدى. كىشىلەر قىيقاس - سۈرەن سېلىشتى، بوۋايلارنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىشتى، يىگىتلەر مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ ۋارقىراپ مەدەت بېرىشتى، چوكانلار ھەۋەس بىلەن سۇ يۈزىدىن كۆزىنى ئالالماي قېلىشتى، ھەممىنى ھاياجانغا سالغان كۆرۈنۈش ئۇزاققا بارمايلا رەھىمسىز قايىنام «ھەسەن قايغۇ»نى چاقپەلەكتەك ئايلاندۇرۇپ يۇتۇپ كەتتى، ئەمدى ھېچكىم ئۈمىد كۈتمىدى، «ھەسەن قايغۇ»نىڭ شۇنچىۋالا دەھشەتلىك قايىنامدا بىر قېتىم سۇ يۈزىگە چىقالىغاننىڭ ئۆزىلا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان مۆجىزە ئىدى. شۇڭا ھەممەيلەن ئەمدى ئىككىيلەندىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ بوۋايلار بوزلاشقا، يىگىتلەر سۆكۈتكە، ئاياللار ھەسرەتلىك مىشىلداشقا باشلىغاندا «ھەسەن قايغۇ» قايتا لەيلەپ چىقتى؛ ئۇ بۇ قېتىم سۇنىڭ قايىنىمىغا ماسلىشىپ چاقپەلەكتەك ئايلىنىپ يۈرۈپ قايىنام مەركىزىدىن ئەپچىللىك بىلەن قېچىپ چىقىپ ئۆستەڭنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتى، سۇ يالاپ ئېچىۋەتكەن قاشنىڭ باغرىدىكى دەرەخ يىلتىزلىرىغا ئېسىلغاندا بوۋايلار تولاشتى.

— بولاڭلا ھەسناخۇنغا كۆمەكلىشىڭلا!

يىگىتلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئولىشىپ يوغان لىم ياغاچنى سۇغا چۆشۈرۈپ «ھەسەن قايغۇ»غا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشتى. ئۇنىڭ قۇچىقىدا نىمجان ياتقان كىشىنى تارتىپ چىقىرىپ دۆم قىلىپ قورسىقىدىكى لاي سۇنى پاكىز ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئىنجا كەلدى. «ھەسەن قايغۇ»مۇ بىر چېلەك سۇ ياندۇرغاندىن كېيىن چىرايىغا قان يۈگۈردى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ھەممە ئادەم «ھەسەن قايغۇ»نى چوڭ بىلىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان بولدى. بۇ ھۆرمەت تا «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ ياشانغان ۋاقتىدا مەھەللىدىكى ياشلارغا ئەقىل كۆرسىتىشلىرى، ئىشقا بۇيرۇپ يول كۆرسىتىشلىرى قۇلاققا ياقمايدىغان بولغىچە داۋام قىلدى. مانا ھازىر «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ ياش ۋاقتىدىكى باھادىرلىقىنى كۆپ كىشى بىلمەيدۇ، ھەم بىلىشنى خالىمايدۇ. «قاچانقى ئىشلار ئۇ؟ بۇرۇنقى ئادەملەر ئاڭلىغان يالغان ياۋىداققا بەك ئىشىنىدۇ؛ ئىشۇ ۋېجىك «ھەسەن قايغۇ» ئاشۇنچىۋالا نوچى ئادەم دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟!...» دېيىشىپ قۇلاق يوپۇرىشىدۇ ياشلار ئاندا - ساندا ئاشۇ رىۋايەتسىمان ئىشلار ھېكايە قىلىنىپ قالسا.

بوۋاينىڭ ھەقىقەتەن ئىچى پۇشاتتى. ھۆرمەتنىڭ ئورنىغا مەسخىرىلەر، مېھىرلىك قاراشلارنىڭ ئورنىغا سوغۇق نەزەرلەر ئالمىشىپ بوۋاي بۇنىڭ سەۋەبىنى كىمدىن ئىزدەشنى بىلەلمەي كۆڭلى پاراكەندە بولاتتى، رەللە بولاتتى؛ سەۋەبىنى ئۆزىنىڭ قېرىلىقىدىن ئىزدىمەكچى بولاتتىيۇ، بوي بەرگىسى كەلمەي ئۆزى توغرا دەپ قارىغان سۆزىنى قىلاتتى، دورۇس كۆرگەن ئىشنى قىلاتتى. ياخشى كۆڭۈل بىلەن قىلغان گېپىنىڭ، چىن ئەقىدە بىلەن قىلغان ئىشىنىڭ قانداق بولۇپ خەقنىڭ كۆزىگە سىغمايۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ئويغا چۆمەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئەمدى مەھەللىگە كېرىكى قالمىغان ئادەمدەك سېزىپ بارغانسېرى شۈكلىشىپ كەتتى.

«ئەدەم قېرىسا مۇشۇنداق تاشلىنىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ئاشۇ ياشلىق مەزگىللەرگە قايتا يانغىلى بولسا ئىدى ھە!؟... يۇرت - مەھەللە ئۈچۈن بار كۈچۈمنى ئايىماس ئىدىم!... ياشلىقىم - پاشالىقىم دەپ قانداقراق ئەدەم قالدۇرۇپ كەتكەن سۆز بولغىيتتى...»

«ھەسەن قايغۇ» بوۋايغا ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگىنى، ھېلىقى كۈنى توغانغا تاش كۆمگەن بالىنىڭ دادىسىدىن ئاچچىق تەنە ئاڭلاپ قايتىپ كىرىپ قىيداپ نەچچە كۈن تالاغا چىقمىسا، مەھەللىدە بىرمۇ ئىنساننىڭ «ھەسىنكامغا نېمە بولغاندۇ؟ بىر ئوبدان ئېرىق چېپىۋاتاتتى، يوقاپ كەتتا!...» دەپ بولسىمۇ ئىزدەپ قويمىغىنى بولدى!

«خەقنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى قاماپتۇ!...» دەپ ئويلاپ ئىچى قايناپتتى بوۋاينىڭ.

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي بۇ ئىشلارنى بەك ئىچىگە ئېلىپ كەتتىمۇ قانداق، دەرت تارتىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنى مەھەللىدە ئىزدەيدىغان بىردىنبىر كىشى ھاشىماخۇننىڭ دادىسى بىلەن مەھەللىنىڭ قېرى ئىمامى ئىدى. ئاشۇ ئىككىيلەننىڭ نۆۋەت بىلەن يوقلاپ كىرىپ ئەھۋال سوراپ تۇرۇشى بوۋايغا مېھىر - مۇھەببەت، ھاياتقا ئۈمىد - ئىشەنچ ئاتا قىلىپ تۇراتتى. ئەمدىلا ھاسا تاياق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن ماڭغۇدەك بولغان ھاشماخۇنمۇ ئارىلاپ ئايالى ئەتكەن قىزىق ئاش ئۇسسۇلغان خۇمرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تۇراتتى. بوۋاي ھاشماخۇندىن مەھەللىدىكىلەرنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى سوراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى مەھەللىدىكىلەردىن قانچىلىك ئاغرىغانسېرى يەنىلا مەھەللىدىكىلەرگە چىدىمايتتى. شۇڭا ھاشماخۇن ھەر قېتىم كىرگەندە يادىغا كەلگەن بىرەرسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنى ئۇنۇتمايتتى.

بۈگۈنمۇ ھاشماخۇن بوۋايغا خۇمرىدا قىزىق چۆچۈرە ئېلىپ كىردى. ئۇ ھەر ۋاقىت بوۋاينىڭ يۇمغاقسۇت سېلىنغان چۆچۈرىگە ئامراقلىقىنى يادىدىن چىقارمايتتى. بەختكە قارشى بۇ كۈنلەردە بوۋاينىڭ تامىقى بەكلا ئازىيىپ كەتكەنىدى. بىر پىيالە، ياكى يېرىم پىيالە ئاشنى زورلاپ ئاران ئىچەتتى. ئورۇقلاپ مەڭىز سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىقىپ قالغان بوۋاي تۈڭلۈكتىن ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى.

— يۇرت - مەھەللە تىچلىقتۇ؟ — سورىدى بوۋاي ھاشماخۇنغا تەلمۈرۈپ قارىغىنىچە.

— تىچلىق ھەسسىنكا، ھەممەيلەن تىچلىق.

— مەھەللىدىكىلەر مەندىن كۆڭلى ئاغرىپ قالدىمۇ، بىرەرسىمۇ ئەھۋال سوراپ چىقمىدى!...

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ ئاۋازى يېنىك تىترىدى. بوۋايغا قاراپ ئولتۇرغان ھاشماخۇن تۇيۇقسىز ئېيتىلغان بۇ گەپتىن خىجىل بولۇپ تەمتىرىدى.

— ياق، سىلىدىن نېمىشقا كۆڭلى ئاغرىسۇن ھەسسىنكا؟ شۇ سىلىنى سەل ياخشىلىنىۋالغۇچە پاراكەندە قىلمايلى دەپ...

ھاشماخۇن ھەر ھالدا يالغاننى قاملاشتۇرغىنىدىن ئۆزىمۇ رازى بولۇپ قالدى. ئەمما، سەزگۈر بوۋاي بېشىنى بوش چايقاپ قويدى.

— ياق، بالام ھاشماخۇن، مەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى جىق ئاغرىتتىم، بۇ كۈنلەردە ئۇلار مەندىن قۇتۇلغىنىغا خوش! ئەمدى بىر ئارمىنىم، يۇرت - جامائەتكە بىر ئۆزرە قويۇۋالسام بەلەن بولىتتى، تويمىغان كۆز نېمەلەرنى قىلدۇرمايدۇ دېگىنە!...

ھاشماخۇن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىچى ئېچىشتى. ئۇمۇ شۇ تاپتا مەھەللىدىكىلەردىن ئاغرىنىۋاتاتتى. دائىملا مەھەللىنىڭ غېمىنى يەپ، قېرى جېنىنى سۆرەپ پالاقشىپ چېپىپ يۈرۈيدىغان مەجنۇن كىشىنىڭ مۇشۇنداق سەكراتتىكى ۋاقتىدا بولسىمۇ بىرەرسىنىڭ كىرىپ ئەھۋال سوراپ كۆڭلىنى ئېلىپ قويمىغانلىقىدىن ئېچىناتتى. ئەمما بۇ سۆزدىنى ھېچكىمگە دېيەلمەيتتى. كىشىلەر شۇ كۈنلەردە «ھەسەن قايغۇ»دىن شۇنچىكى بىزار بولغان بولسا كېرەك، خۇددى بوۋاينىڭ ئاغرىپ قالغىنى «خوپ بولغاندەك»، قۇلاقلىرى تىنچىپ قالغاندەك بولۇپ بوۋاينى ئۇنتۇپلا قېلىشقانىدى. ھەتتا بوۋاي ئۆزى يالغۇز بىر كۈن كەچكىچە چاپقان ئېرىق ھېلىقى كۈنى نەدە توختىغان بولسا شۇ پېتى چېپىلماي تاشلىنىپ قالغانىدى.

— خەقلەر ئېرىقنى چاپتىمۇ؟

خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغان ھاشماخۇن «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىدىن ئېسىگە كەلدى.

— ھەئە، چاپتى، — دېدى ھاشماخۇن يالغان سۆزلەپ، ئۇ بوۋاينىڭ راست گەپنى ئاڭلىسا ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— ھە... تاۋاق بولسا ئاش ئىچكىلى بولىدۇ، ئېرىق بەلەن بولسا سۇ تۇتقىلى بولىدۇ. كونىلار ئېيتقان: ژىغلاپ ژۇرۇپ تۇغ سال، ئويناپ ژۇرۇپ سۇ تۇت، دەپ...

بوۋاي بۇرۇندىن دەيدىغان كونا گېپىنى يەنە تەكرارلىدى. بوۋاي ھەر دائىم ئۆزى دەيدىغان بۇ گەپنى تەكرارلىغاندا خۇددى يېڭى بىر ئەقلىيە سۆز ئېيتىۋاتقاندەك كۆڭۈللۈك كەيپىياتتا ئېيتاتتى. ئۆزى دائىم تەكرار - تەكرار دەيدىغان بۇنداق سۆزلەرگە بىر خىل مۇنەججىملىك، دانىشمەنلىك سىڭىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، ئۆز گېپىدىن ئۆزى مەغرۇرلىناتتى.

بوۋاي ئۇزاق خىيال سۈرۈپ يېتىپ يەنە ئېغىز ئاچتى.

— ھە راس، رەمتاخۇن ئوبدان تۇرغاندۇ؟

— خېلى ئوبدان.

— قايسى كۈنى ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق رەنجىتىپ قويۇپتىمەن. مەنمۇ بەك ئەسكى قېرىپتىمەن دېسە! يوقلاڭ ئىش ئۈچۈن رەمتاخۇننى خاپا قىلىپ قويدۇم! بولسا ئەتىگىچە مېنى ھارۋىغا سېلىپ رەمتاخۇننىڭ يېنىغا ئېچىقساڭ بولاپتىكەن، كۆڭەل قويۇۋالاي، تاسادىپىي كۆزەم ژۇمۇلۇپ قالسا گەدەندە قەز كەتمىسۇن!...

— ھە... مەيلى، ئەتىگىچە بىژ گەپ بولا...

ھاشماخۇن ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىدى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي مۇشۇ كۈنلەردە بەكمۇ كۆڭۈلچەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھاشماخۇننىڭ قارىشىچە بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قايسى كۈنى «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي بىلەن تەگىشىپ قالغان رەمەت دېگەن كىشى

شۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن كېيىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ مەھەل-
لىنىڭ ئېرىقىغا سۇ كەلگەندە، قاراڭغۇدا بېغىنى تۇشقۇزۇپ
بولۇپ تۇغىنى قويۇپ بېرىش ئۈچۈن يادىدا يوق تۇغقا
كۆچەپ كەتمەن سالغانلىقتىن، تۇپىنىڭ ئارىسىدىكى
پىششىق قىشقا تىگىپ چاچراپ كەتكەن كەتمەن ئۇشۇقىغا
تىگىپ پېيى ئۈزۈلۈپ كەتكىنىنى، شۇنىڭ بىلەن جاراھەت
يامانلىشىپ ۋىلايەتلىك چوڭ دوختۇرخانىدا قاتتىق ھەرەج
تارتىپ ياتقىنىنى، رەمتاخۇننىڭ بۇلارنى «ھەسەن قايغۇ»
بوۋايدىن كۆرۈپ «ئالجىغان بوۋاي شۇم ئېغىزلىق قىلىپ
قارا زاۋالدا قارغىۋەتكەنتى، ئاغزىدىن سائەت چىقىپ دېگە-
نى يۈز بەردى... » دەپ بوۋاينىڭ يەتتە ئاتىسىغىچە نالەت
ئېيتىپ يۈرگىنىنى بوۋايغا بىلدۈرسە بولمايتتى.

ئاشۇ كۈنى بوۋاي ھاشىماخۇندىن يۇرت - مەھەللىدى-
كىلەرنى بىرمۇبىر سوراپ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتىپ
كەيپىياتى خېلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى. ئەمما، ئەتىسى تاڭ
سەھەردە دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن «ھەسەن قايغۇ»
بوۋايغا ھەمراھ بولۇپ ياتقان ھاشىماخۇن «ھەسەن قايغۇ»
بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز سەكراتقا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ
بىردىنلا جىددىيلەشتى. ئۇ قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ دىڭ-
گوسلاپ مېڭىپ دادىسىنى توۋلاپ كىرگەندە بوۋاينىڭ ئار-
ماندا قالغان كۆزلىرى قىيا ئوچۇق پېتى كۆزىنى يۇمغانى-
دى. ھاشىماخۇننىڭ دادىسى تىترەپ تۇرغان قوللىرى
بىلەن ئاق داكىدا «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ ئېڭىكىنى قو-
شۇۋېتىپ بوتىلقىنى يۆتتۈرگەن تۆگىدەك بوزلىدى.

— خۇدايىمغا ئامانەت ھەسىناخۇن!... رازى
بولغىن!...

شۇنىڭدىن كېيىن ھاشىماخۇن قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ
دىڭگوسلاپ يۈرۈپ ئۆي - ئۆيلەرگە باش تىقىپ «ھەسەن
قايغۇ» بوۋاينىڭ ئۆلۈم خەۋرىنى يەتكۈزۈپ بولۇپ، ئۆيى-
دىن ئادەم تاپالمىغان ياكى مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئاڭلى-
ماي قالغانلارغا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن مەھەللە دوقمۇشىدا
تۇرۇپ، بازارچىلارغا مېيىت نامىزى توغرۇلۇق تەكلىپ
ئېيتىشقا باشلىدى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي دادىسى بىلەن
تەڭ دىمەتلىك بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، ياكى ھاشىماخۇن
«ھەسەن قايغۇ» بوۋايغا كىچىكىدىن ئامراق چوڭ بولغىنى-
ئۈچۈنمىكىن، ۋە ياكى «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ ئاخىرقى
مىنۇتلىرىدا بېشىدا تۇرۇپ ئىچ ئاغرىقى تارتقانلىقى ئۈچۈن-
مىكىن، ئىشقىلىپ ھەر - بىر كىشىگە ئۆلۈم خەۋرى ئېيتقان-
دا ھاشىماخۇننىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كالپۇكلىرى سۇس
ئۆمچىيىپ ئاۋازىمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. ھەتتا
باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە باشقا ۋاقىتلار-
دىكىدىن ئەستايىدىلراق بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ
قارشى تەرەپنىڭ قولىنىڭ ئالقىنىغا ئالقىنىنى مەھكەم
بېسىپ بىر ئاز سۈكۈتكە چۆمەتتى. باشقىلار ئالدىرايدىغان-
لىقىدىن شەپە بېرىپ قولىنى ئاستا تارتىۋالغاندا ئاندىن
ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغانچە قارشى تەرەپنىڭ چىرايىغا غەمكىن
قاراپ ئېغىز ئاچاتتى.

— مېيىت نامىزى قىستاپ قاپتىكەن، داخىل بولۇشۇپ
مېڭىشالا...

بۇ گەپ ئەتىگەندىن بېرى بىر خىللا تەكرارلىنىۋەر-
گەچكە ھاشىماخۇننىڭ ئاغزىمۇ بۇ ئوخشاش ئېيتىلغان
سۆزگە ئىختىيارسىز كۆنۈپ قالغانىدى. خۇددى ھاشىماخۇ-
نىڭ ئاغزى مۇشۇ بىر خىللا ئېيتىلغان سۆزگە كۆنۈپ قال-
غاندەك، باشقىلارنىڭ جاۋابلىرىمۇ ھاشىماخۇنغا بىر خىللا
ئاڭلىناتتى.

— ئەستا... بۈگۈن بازار بولاپ قاپتىكەن...

— ئۆزرەم بولاپ قالدى جۇما...

— جامائەت بوغاندىكىن...

ھاشىماخۇن تاكى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كەڭرى سەي-
نادا ئۇستىگە زەر ھەل بىلەن ئايەتلەر يېزىلغان قاپقارا
يوپۇق يېپىلغان تاۋۇت ئەپچىقىلىپ توختىتىلغىچە ئاشۇ بىر
خىل سۆزنى تەكرارلاۋەردى، ھەم بىر خىللا جاۋابنى ئاڭ-
لاۋەردى. مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈش خەۋرىنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىنلا تاۋۇتنىڭ يېنىغا دىڭگوسلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ھاشىماخۇن كېلىپ كۆردىكى، مېيىت نامىزىغا تاۋۇتنى
چۆرىدەپ ئونغا يېقىن كىشى ئۇلاشقانىدى. مەھەللىنىڭ
قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئىمامى تولا تۇتۇلغانلىقتىن ھەممە
يېرى سىلغىيىپ پارقىراپ كەتكەن ھاسىسىغا ئىككى قوللاپ
تايانغىنىچە گۇنىسىز كۆزلىرىنى ئالدىدىكى ئادەملەرگە
ئۆنىسىز تىكەتتى. ھەر نەپەس ئالغاندا مەيدىسىدىن غىژىل-
دىغان ئاۋاز كېلىپ، ھاسىغا تايانغان قوللىرى كۆرۈنەرلىك
تىترەيتتى.

— جامائەت تولۇق خەۋەر تاپتىمۇ؟ — سورىدى
ئىمام كىمدىن سورىغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر خىل
قاراش بىلەن ئالدىدىكىلەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرۈتۈپ.
ھاشىماخۇن قول باغلىغانچە ئالدىغا بىر قەدەم چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ھەئە، ھەممەيلەنگە دېدىم.

— يانا كېلىۋاتقانلار بامۇ يوق، يولغا قالاپ باقلى.

ئىمامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ توپتىن كىمدۇر بىرى سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ يول تەرەپكە ماڭدى، تۇرغانلارمۇ يول تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ قويۇشتى.

— يولدا ئەدەم كۆرەنمەيدۇ.

يولغا چىقىپ كەتكەن كىشى ھەمساتتا قايتىپ كېلىپ خەۋەر يەتكۈزدى، ئىمام بېشىنى سۇس لىڭشىتتى.

— ئۇنداغ بوسا بولاپتۇ، نامازنى چۈشۈرۈۋېرەيلى.

ئىمام ھاسىسىنى سىپاپ مېڭىپ تاۋۇتنىڭ ئۇڭ يېنىغا ئۆتتى، ئاندىن تىنىمسىز تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى جىم تۇتۇشقا تىرىشىپ جامائەتكە يۈزلەندى.

— ھەسناخۇن رەھمەتلىك بىز بىلەن مۇشۇ ژۇرتتا بىر ئىبرىقنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىپ، بىر ئىبرىقنىڭ كەتمىنىنى بىللە چېپىپ ئۆتكەن مۆمىن كىشتى. جىق جامائەتلىرىمىز كىلەممىگەن چېغى، شۇ ئىشلامۇ تۈگەپ كېتەردى!...

ئىمام بىر پەسكە جىمىپ قالدى. بىردە كىمدۇر بىرىسدىن ئاغرىنىۋاتقاندەك، بىردە قىلىدىغان سۆزىنى تاپالمايۋاتقاندەك ئاغزىنى قىمىرلىتىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

— رەھمەتلىك تىغدەك يالغۇز ياشىغان بىلەن بۇ مەھەللىدە ئۇنىڭ قولى تەگمىگەن ئەنجان تام، ئۇنىڭ كەتمىنى تەگمىگەن ئېرىق، ئۇنىڭ قولى تەگمىگەن شامگۈر، ئۇنىڭ پۇتى تەگمىگەن يول، ئۇنىڭ ئالقانلىرى سىيلىمىغان باش قالمىغان؛ موزىيىنىڭ ئوقۇرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلەرمۇ رەھمەتلىكنى چاقىرماي ئوقۇر چاپلىيالماس ئىدى! ھەممەمىزنىڭ ئۆيىدە ئۇ توقۇپ بەرگەن تال زەمبىل، ئۇ توقۇپ بەرگەن ژۇلغۇن سىۋەتلەر بار. مەرھۇم ئىككى ۋاق قورسقىنى تويغۇزۇپ قويغان ئادەمگە بىر كۈن كەچكىچە مىننەتسىز ئىشلەپ بېرەتتى. ئەسلى بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئۆلۈمى كاتتا ناماز تاپمىقى زۆرۈر ئىدى، خەر!... غول گەپنىڭ ئەمدى پايدىسى يوق، ھەسناخۇندەك ئادەمدىن يانا بىرسى تۆرەلمەيتى! بولاپتۇ، ژۇت - ۋاقى مۇشۇ ئىدەمنىڭ قەدرىگە كېيىن يېتىپ قالا!...

ئىمام سۆزلەۋېتىپ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى، قوللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ھاسىسىمۇ تىترەشكە باشلىدى.

— ئۆلۈم چوڭ - كىچىككە باقمايدۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسى ئۇلۇغ... ئەمسە جامائەت، ئاتا - بوۋىمىزدىن داۋاملىشىپ كەلگەن يوسۇنىمىز بىلەن رەھمەتلىكنىڭ ئاخرەتلىك ئىشلىرىغا داخىل بولۇۋاتىمىز، قېنى كېلىدىغانلار كېلىپ بولدۇقمۇ؟

ئۇياق - بۇياقتىن كالتە يۆتەل ئاڭلاندى، ئىمام ئىگىشكەن بويىنى سەل رۇسلاپ ئەتراپىغا نېمىندۇر ئۈمىد كۈتكەندەك بويۇنداپ قاراپ قويدى.

— جامائەت، قېرىنداشىمىز ھەسناخۇن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بۈگۈن بەندىچىلىك قىلدى. رەھمەتلىك دائىم باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپلا يۈرۈيدىغان ئادەمتى، بىرسىنىڭ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىگە زىيان سالمايتتى، ژۇتقا پايدىلىق، ساۋابلىق ئىش بولسا قىلسام دەپ چېپىپلا ژۈرۈيدىغان ئىپسىل ئەدەمتى، مانا بۈگۈن ھە - بىرەيلەننىڭ ئالدىدا دۇئا كۈتۈپ ييتىپتۇ، ئەدەمنىڭ ئەدەم بولمىقى 1000 ژىلچە دەپتىكەن، رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا بىلىپ - بىلمەي ئالدىڭلادىن توغرا ئۆتەپ قاغان يەلىرى، كۆڭلەڭلارنى چىگىپ قويغان يەلىرى بوسا ئەپۇ قىلىۋېتەسىلەر، رەھمەتلىك بىلەن ئېلىم - بېرىمەڭلا بولسا، مانا بىز ژۇرت - جامائەت با، تاتىنماي دېسەڭلا بىزلە قالاپ تۆمايمىز، بومىسا ھەممەڭلا بىي رازى بولاپ كېتەڭلا!...

— رازى، رازى...

— ئۈمىدان ئەدەمتى، بىز رازى...

ئۇيەر - بۇيەردىن ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئىمام جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— ئەمسە نامازغا تۇرىمىز، سەپراس!

ئىمام ئالدىغا ئۆتتى، ئۇن نەچچە كىشى قىسقا سەپ تۈزۈپ بېشىنى تۆۋەن سىلىشتى.

ئىمامنىڭ باشچىلىقىدا مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن كىشىلەر جىنازىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىشتى. بارى - يوقى ئوندەك ئادەم جىنازىنىڭ تۆت پۇتىغا بىردىن ئېسىلدشىپ، نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ تۇپراق بېشىغا ئېلىپ بارغىچە ھاشىماخۇن رەھمەتلىك «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئۈمىدى بويىچە ئوغۇلنىڭ ئورنىدا جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن قول باغلاپ ئۈن - تىنىسىز ئەگەشتى. كېتىۋېتىپ مەرھۇمنىڭ دائىملا يۈرت - جامائەتنى دەپ يەنە يۈرت - جامائەتنى نارازى قىلىپ قويىدىغان جاھىللىقى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋىتى بار - يوق دېمەستىن قاراڭغۇلاردا مۇدۈرۈپ - چوقۇرۇپ، ئىسسىقلاردا قارا - شالتاق تەرلەپ، قەھرىتانلار-

دا كۆكۈرۈپ - مۇزلاپ قانداقتۇر بىر زۆرۈر ئىشلارنىڭ غېـمدە قايغۇرۇپلا يۈرۈشلىرى، يېقىنقى نەچچە كۈندىن بېرى بىراقلا مۇلايىملىشىپ، پۈتكۈل يۇرتتىكىلەرنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ چىقىشلىرىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ نىمشقىدۇر ئۆزىنى باسالماي خىتلداپ سالدى. جىنازىغا ئېـسىلىپ خىيالچان كېتىۋاتقان كىشىلەر ھاشاخۇنغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويۇشۇپ يولنى داۋام ئەتتۈرۈشتى.

«ھەسەن قايغۇ» بوۋاي قازا قىلغاندىن كېيىن مەھەللە بىردىنلا جىمىپ قالغاندەك بولدى، مەھەللىدىكىلەرمۇ خېلىلا ئارام تېپىپ قېلىشقاندى، بۇرۇنقىدەك ئۇچىرىغان يەردە پۇتلىشىپ، ئەقىل - نەسىھەت ئېيتىپ تەنبىھ بېرىدىغان «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي بولمىغاچقا ياشلار يول بويىدىكى بىلىيارت تاختىسى ئەتراپىدا خالىغانچە كۈلكە - چاقچاق قىلىـشاتتى، پور سۆگەت ئاستىغا ئولاشقان ياشلار ئالدىدىكى داق يەرگە سېلىنغان چىپتىغا قارتلارنى جىنىنىڭ بارىچە ئۇـراتتى، ھەتتا، مەھەللىدىكىلەر ئۆلۈپ كەتكەن «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئۇنى گۆرىدىمۇ تىنچ ياتـقۇزۇشمىدى.

— توۋا مۇشۇ ئادەم ئۆلۈپ مەھەللە خېلى ئارام تېپىپ قالدى ھە!...

— خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك كۆرگەنلىكى ئىشلارغا چات كىرىپ يۈرمىسە كۆنەلگۈسى ئۆيىمايدىغان ئەدەمتى...

— ئەسلىي بۇ ئەدەم ھاشارغا بارغان يېرىدە جېدەللىكـتە ئۇخلاپ قوپۇپتىكەن، قېرى جېدەلنىڭ شېخىدىكى جىن چاپلىشىپ مۇشۇنداق جايىدا شۇك تۇرالمايدىغان، كەتمەننى كۆتۈرۈپ بىر ئىشلارنى قىلىپلا تۇرمىسا نېرۋىسى ئارام تاپالـمايدىغان بولۇپ قاغان گەپ!...

— راس جۇما، ناماشام قاراڭغۇسىدىمۇ ھارۋا چاقى ئۇـيۇەتكەن ئېرىقلارنى تۈزلەپ ژۇرگىنىنى كۆرگەنمەن.

— قاراڭغۇدا ئېسىرى بار ئەدەمدەك مەھەللىنى بىر ئايلىنىپ چىقىدىغان...

— قېرىغان بىلەن جايىل ئەدەمتى ھە، ھېچكىم چىقمىسا مەھەللىنىڭ شۇنچىۋالا ئېرىقلىرىنى ئۆزى يالغۇز چېپىپ بولـتى!...

— قېرىغان ئەدەم بەرىكەتلىك ئىش قىلدۇ، ئوتتاماي، توختاپ قاماي قىلىۋەسە ئىش توشمايدۇ...

— ئارىلاشمايدىغان ئىشى يوق ئەدەمتى، پاختەك قايـغۇلىقىدىن ئېچقايناق كېسىلى تاتىپ ئۆلەپ كەتتى بىچارە...

— ھي ھي ھي!...

پاراڭنىڭ ئاخىرى ھەزىل كۈلكىلەر بىلەن تۈگەيتتى.

ھەممىدىن يامان بولغىنى، مەھەللىدىكى يول تاراشلايـدىغان، قىر تاراشلايدىغان خۇيى بار كىشىلەر ئەمدى توسىـدىغان ئادەم يوق، خۇددى يوشۇرۇن تاماكا خۇمارى تۇتۇپ دادىسىدىن ئەيمىنىپ تۇرغان بالا دادىسى يوق چاغدا خۇمارى قانغۇچە چېكىۋالغاندەك ئېتىزلىرىنىڭ ئۇـدۇللىرىدىكى پاسىلنى، قىرنى خالىغانچە تاراشلاپ بۇرۇنـدىن ئۆگەنگەن، قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن خۇيلىرىنى قايتىدىن تېپىۋېلىشتى. «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ يالغۇز قەبرىسىگە تېخى شىۋاقلار ئۈسۈپ چىقماستا مەھەللىنىڭ سالا ئېتىزلىرىدىكى ئىلگىرى تاناپتەك تۈپتۈز سوزۇلۇپ تۇرىدىغان ئېتىز يوللىرى يىلانباغىرى بولۇپ بۇزۇلۇشقا باشلىدى. كىمنىڭ كەتمىنى يوغان، بىلىكى كۈچلۈك بولسا شۇنىڭ پاسىلى كېڭىيىپ يوللار تارايدى. بۇرۇن كىچىك بالىلىرنى قوچاقلىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ بىر قولىدا چايدان تۇتـقانچە خاتىرجەم ماڭىدىغان چوكانلارنىڭ ئېشەك ھارۋىلىـرى ئەمدىلىكتە پاسىل تالىشىپ تاراشلاپ - تارايتىۋېتىلگەن ئېتىز يوللىرىدا پات - پات ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان، ئۇششاق باللار ئەيىبناق بولۇپ قوشنا - ھەقەمسايىلار مۇشتلىشىدىـغان، جېدەلنىڭ ئاخىرى چىقماي سوتلىشىدىغان ئىشلار كۆـرۈلۈپ بىر مەھەل جىمىپ ئارام تېپىپ قالغان مەھەللىنىڭ تىنچى يەنە قايتا بۇزۇلدى. 2 - يىلغا بارمايلا مەھەللىدىكى ئۆزۈن - توغرا ئېرىقلارنى چىم بېسىپ، قۇمغا تىنىپ سۇ ئاقماس بولدى. مەھەللىدىكىلەر ئۆزۈن - توغرا كوچىغا بۆـلۈنۈپ ئېرىقلار تاشلىنىپ قالدى. كىشىلەر ئېتىز بېشىدا تۇـرۇۋېلىپ تىنىپ تەخسىدەك بوپكەتكەن تېيىز ئېرىقنىڭ ئۇـشۇقىمۇ كەلمەيدىغان سۈيىنى تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن ياقا سىقىشاتتى، ئېغىزغا ئالغۇسىز ئەپسانە تىللار بىلەن تىلـلىشاتتى، جەددى - جەمەتى، يەتتە پۇشتىنى قوشۇپ قارغـشاتتى، ئەمدى مەھەللىدە كىشىلەر تەپتارتقۇدەك ئادەم قالـمىغانىدى. مەھەللىنىڭ قېرى ئىمامى «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي تۈگەپ كېتىپ نەچچە ئايدىن كېيىنلا جىمجىتقىنە كېتىپ قالغانىدى. شۇڭا، كىشىلەر زىيان بولسا بىر - بىرسىـگە تاپا - تەنە قىلىشىپ، پايدا كۆرسە ئۆزىنىڭ پەمىدىن كۆرۈپ مەھەللە ئىچى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايلا قالدى.

مەھەللىنىڭ يوللىرىمۇ بۇزۇلۇپ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالغانىدى، ھەر قېتىم يامغۇردىن كېيىن پەيدا بولغان ئۆر-

چەكلەر يوغىناپ ئازگاللارغا ئايلىناتتى؛ ئاندىن ئازگاللارغا يامغۇر سۈيى يىغىلىپ مەھەللە ئىچىگە زەي، قارا لاي ھىدى تارقىلىپ تۇرىدىغان بولدى. يېڭىدىن ـ يېڭى پەيدا بولغان ئوغرى كاتاڭلاردا ھارۋىلار تاراقلاپ سىلكىنەتتى؛ شاخ ـ شۇمبىلار، بۇغداي ئەنچىلىرى دۆۋىلەپ بېسىلغان ھارۋىلار ئوغرى كاتاڭلاردا ئەنسىز لەڭ ئۇراتتى؛ پىشكەلچىلىك باسقانلارنىڭ ئۇلاغلىرى ئۆرۈلگەن ھارۋىنىڭ شوتىلىرىدا بىچارىلەرچە تىپىرلايتتى.

مەھەللىدىكىلەر بىردىنلا «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينى ئەسلىرىگە ئېلىشتى. تىرىكلىكىدە ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ خوشى قالمىغان، قىلغان گەپلىرى ھېچكىمنىڭ قۇلاقلىرىغا ياقمايدىغان مەرھۇمنىڭ ئاستا ـ ئاستا قەدرى ئۆتۈلۈپ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە سېغىنىش ھېسياتى بىخ يېرىشقا باشلىدى. «ھەي... رەھمەتلىكنىڭ بېرى ياخشىكەن ئەمەسمۇ؟ ھايات چېغىدا بىلمەپتۇق...» دېيىشىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغانلارمۇ بولدى.

كېيىنكى يىلى «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ يىل نەزىرىسى ئۆتكۈزۈلدى. ھاشىماخۇن «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ يالغۇز كەپىسىنى تۈزەشتۈرۈپ جامائەتنى شۇ يەرگە باشلىدى. تالاغىلا ئېسىلغان داشقازان مەرھۇم «ھەسەن قايغۇ» بوۋاينىڭ روھىدەك مىسكىن ھالدا بويۇن قىسىپ تۇراتتى. مەرھۇمنىڭ نامىزىغىمۇ قاتنىشىپ باقمىغان كىشىلەرنىڭ ئۇۋاي ـ چۇۋاي ئولىشىپ نەزىرىگە كەلگىنىگە قاراپ ھاشىماخۇننىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ داستىخاندىن بىكار بولۇپ قايتىشقىلى تەرەددۇت قىلىشىۋاتقان جامائەتكە قاراپ بوغۇلغان ئاۋازدا خىتاب قىلدى.

— جامائەت، رەھمەتلىك ھەسسىكام بار چاغدا ئېرىقلىرىمىز چېپىغلىق، يوللىرىمىز تۈزلەكلىك ئىدى؛ ئىشىك ئالدىمىزدىكى ئېرىقتا سۇ ئۈزۈلمەيتتى؛ بۈگەنكى كۈنگە كەلگەندە مەھەللىمىزنىڭ ئېرىقلىرى، يوللىرى مەرھۇمغا قاردىلىق تۇتۇپ سۈيىمىز ئاقماس، يولىمىزغا ھارۋا پاتماس بولدى! بەلەنىڭمۇ، ئەسكىنىڭمۇ قەدرى ئۆتۈلىدىكەنغۇ ئاخىر!... مانا، بىرلىرىمىزنى رەنجىتىپ، بىرلىرىمىزنى خۇش قىلىپ ئۆتىدىغان ئۇ رەھمەتلىكنىڭ ئارىمىزدىن كەتكىنىگىمۇ بۈگۈن بىر ژىل بولاپتۇ. مەھەللە ـ كوي ئوبدان يىغىلىپ قاپتۇق، رەھمەتلىكنىڭ روھى كۆرەپ خۇش بوپ قالغاندۇ! ھەممەيلەن رەھمەتلىكنىڭ روھىغا ئاتاپ بىر دۇئا قىلىپ قويىلى، روھى ئەمىن تاپسۇن!...

كىشىلەر قوللىرىنى كۆتۈرۈشتى. ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمدى، ئارىدا بىر نەچچەيلەننىڭ كۆزلىرى نەملەندى، كىشىلەر دۇئادىن يېنىپ بىردىن ـ ئىككىدىن تارقاشتى.

ئەتىسى سەھەردە مەھەللىدىكىلەر ھاشىماخۇننىڭ «ھەسەن قايغۇ» بوۋاي دائىم دولىسىدىن چۈشۈرمەيدىغان ھېلىقى ئەپچىل كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ مەھەللىنىڭ بېشىغا قاراپ ماڭغىنىنى، مەھەللىنىڭ چوڭ ئېرىقىنى تۇغاننىڭ بېشىدىن باشلاپ ساندۇقچىلاپ چۇڭقۇر ئويۇپ چېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ھاشىماخۇننىڭ قولىدىكى كەتمەن سەھەردىكى كۈن نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى؛ كەتمەن ھەر قېتىم ئېرىقنىڭ قۇمىغا ئۇرۇلغاندا گاچ ـ گاچ قىلغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى؛ بۇ ئاۋاز كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا خېلى ئۇزاقتىن بېرى ئۇنتۇلغان، ئەمما سېغىنىپ تۇرغان بىر غايىۋانە ئاۋازنى ئەسلىتىپ يۈرەكلىرى شۇررىدە ئېرىشكەندەك بولدى!

كۆينەكچان بولۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن كەتمەن چېپىۋاتقان ھاشىماخۇن بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن ھەيران قالدى. مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىنمۇ، ئايىغىدىنمۇ، ئۇزۇن كوچا تەرەپتىنمۇ، تۇغرا كوچا تەرەپتىنمۇ دولىلىرىغا كەتمەنلىرىنى سېلىشقان بىر توپ ئادەم مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭلارمۇ، ياشلارمۇ، كىچىك باللارمۇ، ھەتتا چوكانلارمۇ بار ئىدى. ھەممىسى بىر خىل يېنىك قەدەملەر بىلەن ھاشىماخۇن تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى.

ھاشىماخۇن تۆت ئەتراپىغا تەڭ بويۇنداپ قاراپ شۇنچىۋالا كۆپ كىشىنىڭ جىمجىت ھالدا ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتمەننى تۇتقان پېتى ئاغزى گەپكە كەلمەي ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. مەھەللىدە بۇنچە كۆپ كىشىنىڭ كەتمەن كۆتۈرۈپ بىر يەرگە ئولاشمىغىنىغا ئۇزاق بولۇپ كەتكەنىدى. ھاشىماخۇننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلارغا تەلمۈرگەن كۆزلىرىدىن بىردىنلا تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئالقانلىرىغا تۈكۈردى. بارماقلىرى كەتمەننىڭ سىلغىيىپ پارقىراپ تۇرغان ساپلىرىغا مەھكەم كىرىشتى!...

2015 ـ يىل، سەھرايى ئەرمۇدۇن جاڭگىلى

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا دېھقان

# «ئوت كەتكەن ئۇپۇق» تا ئەخلاق كرىزىسى



ئەلىجان ئوبۇل خەنجەر

قىلىقنىڭ ئەخلاقلىشىشى تەسلىشىپ، قىلىقسىزلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشى بۈگۈنكى كۈندىكى قىسمەن مەۋجۇت ھادىسە. ئەمما، پۇل، ھوقۇق ۋە ساختا شۆھرەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى كىتاب ياكى بىلىمنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن كۈچلۈك بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. بىر قىسىم ئادەملىرىمىز ئەخلاق، ئېتىقاد، ئەقىدە، غۇرۇر، ۋىجدان، پەزىلەت ۋە ئادىمىيلىك قاتارلىق ئابستراكت نەرسىلەرگە بولغان چۈشىنىش ۋە ئىنتىلىشتىن پۇل، ھوقۇق، ئويۇن، خوتۇن، نام - ئاتاق، كەيپ - ساپا قاتارلىق كونكرېت نەرسىلەرگە بولغان چۈشىنىش ۋە ئىنتىلىشنى ئەلا بىلىۋاتىدۇ. ئۇلاردىكى ئەقلىنىڭ كونتروللۇقى ئاجىزلىشىپ، ھېسسىياتنىڭ شاملى كۈچلۈك چىقىۋاتىدۇ. ئېزىتقۇ بورىنى كۈچىيىپ، ئەگىشىش قەدىمى تېزلىشىۋاتىدۇ. ئەخلاق ئېڭى، ئۆزلۈك ئېڭى ۋە كىملىك تۇيغۇسىنىڭ ئورنىنى قاشاڭلىق، نادانلىق، شەخسىيەتچىلىك ۋە قارىغۇلارچە راھەت قوغلىشىش ئىگىلەۋاتىدۇ. ئەنئەنە، ئەخلاق ۋە پەزىلەتتە چېكىنىش، بۇزۇلۇش ۋە «رېلىستىن چىقىپ كېتىش»تەك تەڭپۇڭسىزلىق جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېكولوگىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەخلاق رېلىسىدىن چىقىپ كېتىش بىر قىسىم ياشلارغا، پۇلدارلارغا، سودىگەرلەرگە مەركەزلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. شۇنىسى بەرھەقكى، پۇلنىڭ، راھەتنىڭ، مەئىشەتنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە ئېزىقتۇرۇشىدىن ساقلانماق تەس. بولۇپمۇ تېخى جەمئىيەتكە قەدەم باسمىغان، مۇستەقىل قارىشى تولۇق شەكىللىنىپ بولمىغان، ھۆكۈم قىلىش، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى يېتىلمىگەن ياشلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. ھەرقانچە تىرىشچان، ئالغا ئىنتىلىدىغان ئادەمنىڭمۇ ھېسسىياتقا بېرىلىدىغان، ئازىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. ئايگۈل ئەمەتنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2015 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئوت كەتكەن ئۇپۇق» ناملىق پوۋېستىدىكى گۈلگىنە ئەنە شۇنداق ياشلارنىڭ تىپىك ئوبرازى. گۈلگىنە ئەسلىدە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەقىللىق، تىرىشچان ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئەگەر ئۇ ھېسسىياتنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئوينىمىغان، پۇلنىڭ، راھەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئالدانمىغان بولسا، جەمئىيەتتە چوقۇم ئۆز ئورنىنى تاپالىغان، قىممىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىغان بولاتتى. قاشتېشى سودىگىرىنىڭ پۇلى، يالغان - ياۋىداق ۋەدىلىرى، شېرىن - شېكەر سۆزلىرى ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۆ-

**ئوقۇرمەنلەر سالونى**

پۈككە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ئازاب ۋە پۇشايمان دەرياسىغا تاشلايدۇ. خوتۇن - بالىلىرى بار سودىگەرگە «كىچىك خوتۇن» بولۇش ئۇنىڭ غۇرۇرىنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى، قەدىر - قىممىتىنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىۋېتىدۇ. قەلبىدىكى گۈزەللىك، ئالىيجانابلىقنىڭ ئورنىنى چوڭقۇر غەزەپ ۋە نەپرەت، ئۆچ ئېلىش ئىستىكى ئىگىلەيدۇ. نەتىجىدە بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ئەخلاق سودىسى ۋە تىراگېدىيەسى كېلىپ چىقىدۇ.

«ھەربىر پارچە قالتىس ئەسەر بىزنىڭ نادانلىقىمىزنى ئېسىمىزگە سېلىپ، روھىمىزنى قايتا قۇرىدۇ» [1] روھسىز تەن باشسىز ئۇستىخانغا ئوخشايدۇ. روھنىڭ قانداق بولۇشى ئۆز نۆۋىتىدە تەننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئالىيجاناب روھ بىلەن پاسىق روھ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. ئالىيجاناب روھ ئادەمنى نۇسرەتكە، قۇدرەتكە، سائادەتكە باشلايدۇ، پاسىق روھ ئادەمنى ئاپەتكە، مەھكۇملۇققا، زاۋاللىققا باشلايدۇ. روھنى يېتىلدۈرۈشكە، يېتەكلەشكە بولىدۇ. ئاكتىپ يېتەكلەش ئارقىلىق زەئىپ، چۈشكۈن روھنى ئاستا - ئاستا تۈرگۈن، ئاكتىپ روھقا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار سەۋەبىدىن بەزىدە ئالىيجاناب روھمۇ پاسسىپ روھقا قۇل بولۇشى مۇمكىن. بۇنى كونكرېت شارائىت، ئىچكى - تاشقى ئامىلنىڭ كۈچى، شۇ كىشىنىڭ ئىرادىسى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، روھقا ئەقىل - ئىدراكنى، ئىرادە ۋە جاسارەتنى، ئەقىدە - ئېتىقادنى، غۇرۇر - ۋىجداننى ھەمراھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر گۈزەل روھنى تىكلەش، بارلىققا كەلتۈرۈشتە ئەقىل بىلەن ئىرادىنى قانات، غۇرۇر بىلەن ۋىجداننى كۆز، ئېتىقاد بىلەن ئەقىدىنى ھۆجەيرە قىلىش كېرەك. ئەسەردىكى گۈلگىنە ئەسلىدە ئالىيجاناب روھقا ئىگە قىز ئىدى. ئۇنىڭ روھىدا ئەقلىمۇ، ئەقىدىمۇ، ئېتىقادىمۇ مەۋجۇت ئىدى، لېكىن، ئۇنىڭدا ئىرادە، ئىپپەت ئېڭى، قىزلىق غۇرۇر كەم ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ماددىي نامراتلىقنى ئىرادە ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ قىزلىق ئىپپەت بىلەن قەدىر - قىممەتنى ساقلاپ قېلىشقا ئاجىزلىق قىلدى. پۇل بىلەن ساختا مۇھەببەت ئۇنىڭ ئىپپىتىنى، قەدىر - قىممىتىنى، ئىززەت - غۇرۇرىنى، روھىنى گۇمران قىلدى. ئەسلىدىكى ئىپپەتلىك، يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق قىز بىردىنلا ھاياسىز قىزغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا ئۇ «كاسسىنى ئارانلا ياپقان» يوپكىلارنى كىيىپ، «قۇيغان ئۆپكىدەك»، «سۈت بىلەن يۇيۇپ پەرۋىشلىگەندەك» ئاپپاق يوتىلىرىنى كۆرسىتىپ «ئەر كىشى بولغاندىكىن تۇتقان يەرنى سوقا سەندەلدەك تۇتقۇلۇق» دەپ يىگىتلەرنىڭ شەھۋىتىنى قوزغىيالايدۇ. بىر - ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپلا «كۆڭلىگە يېقىپ قالغان» ئەرلەرنى ئۆيىگە بىمالال باشلىيالايدۇ. «كۆڭۈل كۆڭۈلگە ھەمراھ دەپتىكەن، قاچان تېلېفون قىلسىڭىز بولىدۇ، مەن بىكار» دەپ تەشەببۇسكار بولالايدۇ، تېلېفون نومۇرىنى خالىغانچە ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

قىزلىق ئىپپەت، ئاياللىق نازاكەت، ئاياللىق قەلب، ئاياللىق خۇلق قىز - ئاياللارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىغان، قەدىر - قىممىتىنى تىكلەيدىغان بىباھا ئەڭگۈشتەر ئىدى. ئەمما، زامانىۋى دەۋرنىڭ زامانىۋى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى، شالغۇت ۋە ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ تىنىمسىز تاجاۋۇزلىرى ئەخلاق ئىستېھكاملىرىمىزنى ھەدەپ پاچاقلاشقا ئۇرۇندى. تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت، ئۈندىدار قاتارلىقلار خېلى راۋرۇس ئەركەكلىرىمىزگىلا ئەمەس، بەلكى ئىپپەتلىك، ھايالىق، ئەخلاق - پەزىلەتلىك قىزلىرىمىزغىمۇ شىددەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىدىكى ئاكتىپ ئېنېرگىيەنى سىقىپ چىقىرىشقا ئۇرۇندى. ھازىر جەمئىيىتىمىزدە ئۈندىدار، ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئىپپەت سودىسى قىلىش، ئەخلاقنى، ئىپپەتنى پۇلغا، راھەت - پاراغەتكە، كەيپ - ساپاغا تېگىشىشتەك ئەخلاق كىرىزىسلىرى كۆرۈلمەكتە. خوتۇن ئۈستىگە «خوتۇن» ئېلىپ قوش نىكاھلىق بولۇۋېلىشتەك قانۇنىدىمۇ، ئەخلاقتىمۇ چەكلىنىدىغان ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلار جەمئىيەتكە قاراپ يۈزلىنىپ، دەۋرىمىزگە داغ پەيدا قىلماقتا. ئېرى خوتۇنىغا بىلدۈرمەي، خوتۇنى ئېرىگە چاندۇرماي ئاشنا ئويناش ئەجدادلارنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادلىرىنى، ئەخلاق مىزانلىرىنى دېمىگەندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئار - نومۇسى، قەدىر - قىممىتى بىلەن ھېسابلاشمىغان بۇنداق ئادەملەرنى يەنە قانداقمۇ «ئادەم» دېيەلەيمىز ؟! ئادەم سىياقىدا تۇغۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلىما؟ ئادەم دېگەن ئادىمىيلىكى، ئەخلاق - پەزىلىتى، ۋىجدان - غۇرۇرى، ئەقىدە - ئېتىقادى، بۇرچ - مەسئۇلىيىتى بىلەن ئاندىن ھەقىقىي بىر ئادىمىيلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بولمىسا ئۇنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى بار؟ جەمئىيەت ئەخلاقىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋاتقان ئاشۇنداق ئادىمىي ئەخلەتلەرنى يەنە نېمە دېسەك بولار؟ قاشتېشى سودىگىرىدەك پۇلغا تايىنىپ قىزلارنى يولدىن چىقىرىۋاتقان، جەمئىيەتتە ئەخلاق كىرىزىسى پەيدا قىلىۋاتقان، ئىپپەتنى، ئەخلاقنى سودىغا ئايلاندۇرۇپ «500 مىڭ يۈەن بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى

ئاۋارە قىلماسلىققا ۋەدە بېرىش يۈزىسىدىن گۈلگىنەگە 500 مىڭ يۈەن ۋە ئۆي ھەققىدە ئىچكى توختام تۈزىمىز. بۇ ئۇنىڭ بىلەن پەقەت مەلۇم بىر سودا مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان توختام» («ئوت كەتكەن ئۈيۈق»، 67 - بەت) دەپلا «مۇناسىۋەت»نى ئۈزۈشكە ئالدىرايدىغان كىشىلەرنى ھازىر جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن ئۇچرىتالايمىز. ھازىر «كىچىك خوتۇن» ئېلىشمۇ يوشۇرۇن ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتۈپ بىر قىسىم پۇلدارلارنىڭ، «بىر كېچىدىلا بېيىپ كەتكەن سودىگەر»لەرنىڭ مودا ئېقىمىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئىشنىڭ ئەخلاققا، قانۇنغا چېتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ بىلمەسكە سېلىۋېلىپ ياكى قىرىغا ئالماي ئاتالمىش «ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش»، «ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش»، «ساۋاب ئىزدەش» باھانىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكىنى ياپىدىغان، ئاشكارا پاھىشىۋازلىقتىن شەكلى ئۆزگەرگەن يوشۇرۇن پاھىشىۋازلىقنى قوغلىشىدىغان بۇنداق كىشىلەر تېخى تەپتارتماستىن، يۈزى قىزارماستىن «كىچىك خوتۇن» بىرىنى بالا تۇغۇش (بولۇپمۇ ئوغۇل تۇغۇش) ماشىنىسىغا ئايلاندۇرۇۋالىدىغان، ئۇنىڭ بەدىلىگە «كىچىك خوتۇن»لىرىغا ئۆي، پۇل ياكى باشقا ماددىي بۇيۇملارنى بېرىدىغان «يېڭى سودا ئېقىمى» پەيدا بولدى. قانۇنلۇق خوتۇنلىرىغا گاھ مەسلىھەت سېلىپ، گاھ مەسلىھەت سالمايلا «نىكاھ قىلىپ» ئۆيگە ئەكىرىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە ھازىر جەمئىيەتتە ئەڭ ئېغىر ئەخلاق كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاجرىشىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان جەڭگى - جېدەللەر، ياقا سىقىشىشلار، چاچ يۇلۇشلار، تىللىشىشلار، بالىلارنىڭ نالە - زارلىرى جەمئىيەت ئەخلاقى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتسە بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ۋىرۇس تۈپەيلىدىن ئائىلىلار ۋە بالىلاردا ھەرخىل پسىخىكىلىق كېسەللەر، بىنورمال ئۆزگىرىشلەر، بالىلارنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى، ئاياللارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدەك ئېغىر پاجىئەلەر كېلىپ چىقىدۇ.

جەمئىيەت تولىمۇ مۇرەككەپ سىستېما. بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى تېخىمۇ مۇرەككەپ. ئەگەر سىز جەمئىيەتنى توغرا مەيدان، توغرا نەزەر بىلەن ئىنچىكە، ئەستايىدىل كۆزىتىدىغان بولسىڭىز «توۋا!» دەپ ياقىڭىزنى چىشلەيدىغان، ھەيرانلىقتىن ئاغزىڭىز قۇشقاچنىڭ كامىرىدەك ئېچىلىپ قالىدىغان، ۋۇجۇدىڭىزدا قاتتىق سىلكىنىش پەيدا قىلىدىغان تۈرلۈك ئىشلارنى، تۈرلۈك ئادەملەرنى ئۇچرىتالايسىز. «ھازىر پۇلدار ئاياللار قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى باشقا بىر ياقلاردىن ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى. پۇلدار ئاياللارلا ئەمەس، بىر قىسىم پۇلدار ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ياكى ئازراق ھوقۇقى بار ئەمەلدارلارنىڭ ئاياللىرىمۇ ھەم شۇنداق. بۇ گەرچە ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولمىسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ بىر بۇلۇڭلىرىدا بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنىڭ ھەرخىل سەۋەبلىرى بولۇشى مۇمكىن. چوڭ شەھەرلەرگە ئوقۇشقا كەلگەن ئىستۇدېنت قىزلارمۇ ھەم شۇنداق. ئەمدى كېلىپ ئوغۇللارنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن. بۇرۇن بىر قىسىم قىزلارنىڭ جۈمە كۈنى كەچتە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ گۇاڭجۇ، شېنجېنلاردا ئۆز «سودا»لىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن دۈشەنبە كۈنى دەرسكە ئۈلگۈرۈپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلايتتۇق. ئەمدى سەنيا دېگەندەك يەرلەرگە ئۆزۈم كېتىۋاتىمەن. بايامقى تونۇشتۇرۇشتا ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ بىرىنى ئايشەم، يەنە بىرىنىڭ ئىسمىنى خاتىمە دەپ تونۇشتۇرغانىدى، ئەمما، ئۇلار يېنىمدىكى يىگىتلەرنى تونۇشتۇرمىدى. مەن گۇمانىمنى يېشىش ئۈچۈن نەزىرەدىن سوراپ باققىنىمدا، ئۇلارنىڭ كەچلىك بەزمىخانىدا ئىشلەيدىغان ئىستۇدېنت يىگىتلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. توۋا، ئەھۋالىمىز مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپتۇ، تۈرلۈك غەلىتىلىكلەرنىڭ جەمئىيەتلىشىپ بېرىۋاتقانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن...» («ئوت كەتكەن ئۈيۈق»، 72 - بەت). ئەسەردىكى نەزىرە سېپى ئۆزىدىن بىر «ئوۋچى». ئۇنىڭ خاتىمە، مەرىيەم، ئايشەم قاتارلىق دوستلىرىمۇ «ئوۋچى». ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇلىغا، تولغان جامالىغا تايىنىپ يىگىتلەرنى، بولۇپمۇ ئىستۇدېنت يىگىتلەرنى «ئوۋلايدۇ». ئۇلار ئەخلاقتا شۇنداق چىرىكلەشكەنكى، شەرمى - ھايا، ئار - نومۇس، خىجىل بولۇش دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ئىنىسى ياكى ئوغلى دېمەتلىك بالىلارنى «ئوۋ» ئوبيېكتىغا، كۆڭۈل ئېچىش «قورال»ىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ.

«— مەن بىلىدىغان ئېسىل بىر يۇيۇنۇش سارىيى بار، بولدى، پۇل تاپىمەن دېمەڭ، تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىشىڭىز كېرەك. پۇلنى تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىمىز، راھەتتىن بەھرىمەن بولىمىز، دەپ تاپىمىز ئەمەسمۇ؟!...

— ھى... ھى... ھى... بۇگۈنزە، بىر يايراي دەپسىز - دە.

— «سىز» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بىللە كىرىمىز...» («ئوت كەتكەن ئۈيۈق»، 69 - بەت)

www.uyghurkitap.com



نەزىرەنىڭ «ئوۋ» ئوۋلاش ماھارىتى، «كەلتۈرۈش» تېخنىكىسى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. پۇل بىلەن تولغان بەدىنىنى تەلپىنى قاندۇرۇشنىڭ قورالى قىلىۋالىدۇ. «بىر چاغدا چوڭ يوتامدا بىر نەرسە مىدىرلىغاندەك قىلدى. چۆچۈپ ئويغىنىپ ئىتتىك ئالدىمغا قارىدىم. مەريەم ھەدەم ئولتۇرغان تەرەپتىن بىر نازۇك قول يوتامنى سىلاۋاتقانكەن. مەن «كاپىدە» قىلىپ قۇرتنى تۇتقاندەك ھېلىقى نازۇك قولنى تۇتۇۋالدىم ـ دە، يۇقىرىغا يۇلۇپ ئالدىم. نەزىرە ئىتتىك ماڭا قارىدى ـ دە، مەريەم ھەدەمگە ئاستا پىچىرلىدى:

— بۇ يىگىتنى خاتا چۈشىنىپ قالما، ئاۋۇلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۆز ئالدىغا ئىش ـ ئوقىتى بار يىگىت، ئالدىرىماساڭ ئىشلار ئۆز يولى بىلەن كەلسۇن.

— ۋاي ـ ۋۇي، قورۇقچىلىق قىلمىساڭمۇ، بۇ ئاق بوز ئېتىڭنى يېمەيمەن، مۇنداقلا تۇتۇپ باقتىم، — دېدى مەريەم ھەدەم نارازى بولغان ھالدا.

— ۋاي مەلىكەم، ئاممۇي سورۇندا ئېتىمنى ئۈركۈتۈۋەتمە دەۋاتىمەن...

نەزىرەنىڭ شۇ سۆزلەرنى دېگەچ مەريەم ھەدەمگە كۆز قىسىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم» («ئوت كەتكەن ئۇيۇق»، 73 ـ بەت)

ئەخلاقى ئەھكاملارنى تەرك ئەتكەنلەردە ھايا، نومۇس بولمىسا كېرەك. ئۇلار مەيلى ئاممۇي سورۇن ياكى پىنھان جايلاردا بولسۇن، ھامان نەپسىنى قاندۇرۇشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ھېچنېمە، ھېچكىم كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل ئېتىقادتىكى كىشىلەر ئولتۇرغان ئايروپىلاندا قىلىۋاتقان ئەخلاقسىزلىقلار مىللەتنىڭ يۈزىنى تۆكمەسمۇ؟ پۇلغا ۋىجدانىنى، ئەقىدىنى، ياشلىقىنى سېتىۋالماقچى بولغان، ئەخلاق چېگراسىنى پاچاقلاپ تاشلىغان، قىمارغا، ئويۇنغا، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلىپ كەتكەن بۇنداق ئاياللارنىڭ ئانا بولۇش سالاھىيىتى بولسۇنمۇ!؟ ئەگەر «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېيىلسە، ئاشۇنداق ئانىلاردىن تۇغۇلغان مىللەتنىڭ كېلەچەكلىرى يەنە نېمە بولماقچى!؟ بىلىش كېرەككى، ئانىلار ۋىجدان ـ ئەقىدىلىك، شەرمى ـ ھايالىق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قەدىر ـ قىممەتلىك، ھۆرمەتلىك. ئۇلارنىڭ بىر قولى بۆشۈكنى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولى دۇنيانى تەۋرىتىدۇ. ئۇلار خارلانسا، ئازابلانسا، دۇنيانى مۇسىبەت قاپلايدۇ. نەزىرە، مەريەم، ئايشەم، خاتىمەلەرمۇ ئانا، ئائىلىسى، باللىرى، ئېرى بار ئاياللار. ئۇلار توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىرىپ، راھەت ـ پاراغەتتىن خۇدىنى يوقاتقانلار، ئويۇن ـ كۈلكىگە، كەيپ ـ ساپاغا، قىمارغا شەيدا بولۇپ ئەقىدە ـ ئېتىقادىنى، شەرمى ـ ھايانى يوقاتقانلار. ئۇلارنىڭ ئانا بولۇشقىلا ئەمەس، خوتۇن بولۇشقىمۇ شەرتى توشمايدۇ، ئەگەر بۇنداقلارنىڭ قولىدا بۆشۈك تەۋرىتىلسە، بۆشۈكتىكى باللارنى غاپىللىق باسىدۇ، ئەگەر بۇنداقلارنىڭ قولىدا دۇنيا تەۋرىسە، زېمىننى جاھالەت باسىدۇ.

« — مەن سىزگە دېسەم، پۇل بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، پۇلغا مال سېتىۋالغىلى بولىدۇ، پۇلغا ھوقۇق سېتىۋالغىلى بولىدۇ، پۇلغا خۇشاللىق، خاتىرجەملىك ۋە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. مەن سىزگە دېسەم، ئاۋۇ ئىككىسى باشلىقنىڭ ئاياللىرى. ئۇلار يەنىمۇ يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن پۇلغا تايىنىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلار. مانا پۇلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن بىز تونۇشالىدۇق، پۇلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن سىز ماڭا ياردەم قىلماقچى بولۇۋاتىسىز.

— ئاي ئاچا، نەزىرىيەرىڭىزنى قويۇپ گەپنى ئۇدۇللا دېسىڭىزچۇ.

— پۇل بولمىسا ھەممە ئىشىمىز مۇشۇ دېگىنىڭىزنىڭ سۇيىگە چېلىشىدۇ، ئېقىپ كېتىدۇ، يوق بولىدۇ، بىز بۇ يەرگە قىمار ئوينىغىلى كەلگەن، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن كۆپ پۇل تاپقاندۇق. چۈنكى، سەنىيا پۇلدارلارنىڭ شەھىرى، ھەم بەختەر، ھەم ئوڭۇشلۇق. ئەتىگەن مەريەم ھەدىڭىز ئۇتتۇرۇۋەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ كەيپىياتى بەك ناچار. ئەمەلىيەتتە، ئۆز شەھىرىمىزدە بىزگە بۇنداق پۇرسەت يوق، پۇرسەت بولغاندىمۇ بۇ يەردىكىدەك ئازادە پۇرسەت يوق. شۇڭا بىز پات ـ پات مۇشۇ يەرنى، مۇشۇ پەسىلنى تاللايمىز...» («ئوت كەتكەن ئۇيۇق»، 78 ـ بەت)

ئەگەر سىز پۇل ئېتىقادچىلىقى، ئەخلاق كىرىزىسى روھى ۋە جىسمىنى پۈتۈنلەي قامال قىلىۋالغان، ئىككى ئايال بىر ئەرنى تالىشىپ بىر كارىۋاتتا بىر ئەرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ قىستىلىشىپ ـ چاپلىشىپ يېتىشقان بۇنداق ئادىمىي ئەخلەتلەرنى كۆرسىڭىز قانداق ئويلاردا، قانداق تۇيغۇلاردا بولىسىز؟ مىللەتنىڭ شەنىنى بۇلغايدىغان، گۈزەل ئەخلاقىمىزنى رەھىمسىزلىك بىلەن دەپسەندە قىلىدىغان بۇنداق ئازغۇن روھقا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؟ ئۇنداقلارنىڭ قىمار ئويناپ پۇل تېپىشى، پۇلغا تايىنىپ «ئوۋ»

ئۇۋلىشى، پۇلغا تايىنىپ كەيپ ـ ساپا، ئەيش ـ ئىشرەت قى-
لىشى يەنە نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇنى ئوچۇقتىن ئوچۇق
قىلىنغان ئەخلاق سودىسى دېيىشكە بولىدۇغۇ!؟... ئۇلار-
دىكى شۈكۈر ـ قانائەت، ئار ـ نومۇس، ئەدەپ ـ ھايانى
يەپ كەتكىنى پۇل ئېتىقادچىلىقى بولماي نېمە؟ ئۇلارنىڭ
زادى نەرىگە ئوت كەتكەن؟ بىرلا جاۋاب: ئۇلارنىڭ
تويماس نەپسىگە ئوت كەتكەن!

كېچىسى بەزمىخانىلاردا پۇلدار خوتۇنلارغا ھەمراھ
بولۇپ، كۈندۈزى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان، شەنبە،
يەكشەنبە، ھېيت ـ بايرام ۋە تەتىللەردە پۇلدار ئەرلەرگە
ھەمراھ بولىدىغان ئىستۇدېنت قىزلارغا، پۇلدار ئاياللارغا
ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ «كۆڭۈل»نى ئاچىدىغان ھېلىقى-
لاردەك ئىستۇدېنت يىگىتلەرنى نېمە دېسەك بولار؟!
بۇلارنى يېڭى دەۋردىكى «يېڭى شەيئى» دەمدۇق ياكى...
ئەگەر مۇشۇنداق ئىشلار جەمئىيەتلىشىشكە قاراپ يۈزلەن-
سە، بىز يەنە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولارمىز؟ كەل-
گۈسىمىز قانداق بولار؟ «ئەسلىدىنلا ئويۇن ـ تاماشىغا
ئامراق بىر قوۋم ‹ئويۇننىڭ قېپىنى مۇشۇنداق يىرتىۋاتسا›
تەقدىرىمىز نېمە بولماقچى؟ («ئوت كەتكەن ئۇيۇق»، 73 ـ
بەت). ئىپپەت ئېڭى ۋە ئەخلاق ئېڭىنى قىز ـ ئاياللارغىلا
يۈكلەپ مۇلاھىزە قىلىش بىر تەرەپلىمىلىكتىن، شەخسىيەت-
چىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئەرلەردىمۇ بۇ
خىل ئاڭ بولۇشى، بولغاندىمۇ يېتەرلىك بولۇشى كېرەك
ئىدى. قىزلىق ئىپپەت بىلەن يىگىتلىك ئىپپەت، ئاياللىق
ھايا بىلەن ئەرلىك ھايا ئەخلاقنىڭ گۈلتاجى، قەدىر ـ قىم-
مەتنىڭ ئۇل تېشى. ئەگەر بۇلار يىمىرىلسە، زاۋاللىققا يۈز-
لەنسە، مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ئەنئەن-
سى، ئەخلاق مىزانلىرى زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. ئەخلاقتا كې-
رىزىسقا پاتقان قوۋمدىن يەنە نېمىنى كۈتكىلى بولىدۇ
دەيسىز؟

«ئوت كەتكەن ئۇيۇق» بىزنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان،
ئۆزىمىز خالاپ گۇمران قىلىۋاتقان ئەخلاق، ئېتىقاد ئەنئە-
نىلىرىمىز ھەققىدە قايتا ـ قايتا ۋە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدى-
غان نادىر ئەسەر. مەتبۇئاتلىرىمىزدىكى بىر قىسىم مەزمۇن
بىلەن شەكىل، ئىدىيەۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك بىرلەشمى-
گەن، ماۋزۇسى ھەيۋەتلىك، ئىچى قۇرۇق پاخپاق ئەسەر-
لەرگە قارشى ئېتىلغان ئاگاھلاندۇرۇش ئوقى، يازغۇچىلى-
رىمىزغا نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش، نېمىنى ئالغا
سۈرۈش ياكى نېمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ نېمىگە قارشى تۇ-
رۇشنى ئۆگىتىدىغان بىر پارچە يالقۇنلۇق ئوت. دېمىسىمۇ
«نۆۋەتتىكى پىروزا ئەسەرلىرىگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرغىنى-
مىزدا شۇنداق بىر ئەھۋالنى ئۇچرىتىمىز: ئېلان قىلىنىۋات-
قان بەزى ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى خېلىلا يۇقىرى
بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئوبراز يارىتىش، تىل ئىشلىتىش، قۇرۇل-
ما تەشكىللەش جەھەتتە خېلى ئەجىر قىلغانلىقىنى ھېس قىل-
غىلى بولىدۇ. لېكىن، ئەسەرنىڭ بىزگە بېرىدىغان تەسىرى
ئادەتتىكىدەك. بەزى ئەسەرلەرنى ئوقۇساق ئالدانغاندەك
تۇيغۇغا كېلىپ قالىمىز. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟
بىرلا ئېغىز گەپ: تاپانچا گېرمانىنىڭ، ئوق يوق، ھۇنەرگە
تۇشلۇق ئىش يوق. شەكىل بار، يالتىراق، ئويناق تىل
بار، مەزمۇن يوق. نەزەرىيەۋى ئاتالغۇ بىلەن ئېيتقاندا،
مەزمۇنغا نامرات» [2] ئاجايىپ گۈزەل، ئويناق تىلنى
ئىشلىتىپ، ماۋزۇنى ھەيۋەت قويۇۋالغان بىلەن، ئىچى
كاۋاك بولسا ياكى ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولمىسا، قىس-
قىسى، ئالغا سۈرگەن ئىدىيەسىنىڭ تايىنى بولمىسا، ئۇنداق
ئەسەر يەنىلا ئەرزىمەس ماتادەك بويۇن قىسىپ قالىدۇ.
«ئوت كەتكەن ئۇيۇق»نىڭ ئۇتۇقلۇق چىقىشىدا، بىرىنچى-
دىن، ئۇنىڭ ئالغا سۈرگەن ئىدىيەسى ئېنىق ۋە چوڭقۇر،
ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش كارتىنىسى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى-
گە ئۇيغۇن، تۇرمۇش دېتاللىرى چىن؛ ئىككىنچىدىن،
شەكىل بىلەن مەزمۇن، سۈرئەت بىلەن قۇرۇلما جىپسىلاش-
قان، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئۆزگىچە، تىلى ئويناق ۋە لىرىك.
يازغۇچى يالغۇز ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىغىلا كۆچەپ
قالماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا، قۇرۇلمىسىغا،
تىلىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئاپتور «مەن»نى ھەم
ياندىن كۆزەتكۈچى، ھەم ئەسەرگە بىۋاستە قاتناشقۇچى
پېرسوناژ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان. مۇنداقچە ئېيتقان-
دا، ئەسەردىكى «مەن» باشقا ئەسەرلەردىكى «مەن»لەرگە
ئوخشاش بىر خىل قېلىپتا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ياكى
ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيەسىگە ئاساسەن سۆزلەيدىغان
شەكىلدە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنى چەتتە تۇرۇپ كۆزىتى-
دىغان ھەمدە تۇرمۇشقا مەلۇم نۇقتىدىن ئىنكاس قايتۇرۇپ
دىياگنوز قويالايدىغان «باھالىغۇچى» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا
چىقىدۇ. بۇنى مەزكۇر ئەسەردىكى ئۆزگىچىلىك ۋە يېڭى-
لىق دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور بايان مەۋقەسىنى تاللىغاندا،
«مەن»گە ئالاھىدە «چەك» بېكىتىپ قويمىغان، ئۇنىڭ
سۆزىنى، ھەرىكىتىنى، ئوي ـ خىيالىنى چەكلەپ قويمىغان.
ئەكسىچە، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى، سۆزىنى، تەپەككۇرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەركىن قويۇۋەتكەن. «بايان مەۋقەسى ھەممىنى بىلگۈچى بايان مەۋقەسى ۋە چەكلىك بايان مەۋقەسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ» [3] مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، پوۋېستنىڭ تاكسى شوپۇرى «مەن»نى ھەممىنى بىلگۈچى بايان مەۋقەسىگە چۈشىدىغان، ھەم مەلۇم جەھەتتىن ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغان ئوبراز دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئەسەردە بىردە ھەممىنى بىلگۈچى، بىردە ھەممىدىن گۇمانلانغۇچى، يەنە بىردە تۇرمۇشقا مەلۇم نۇقتىلاردىن ئىنكاس قايتۇرغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، پوۋېستنىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنىنى يارقىنلىقتا، بەدىئىيلىكىنى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان.

پوۋېستنىڭ بىزنى سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر تەرىپى شۇكى، پوۋېستنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، سۇژىتى روشەن، ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەدىن، خاراكتېرى مۇرەككەپ پېرسوناژدىن خالىي. ئەسەردىكى لىرىك، ئويناق تىللار پوۋېستنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى پوۋېست ئەكس ئەتتۈرگەن رېئاللىققا، ئالغا سۈرگەن ئىدىيەگە نەزەر ئاغدۇرۇشقا يېتەكلەيدۇ. «ماشىنامنىڭ ئالدىنقى ئورۇندۇقىنىڭ گىرۋىكىدە ئۈمىد يۇلتۇزىدەك پارقىراپ چىرايلىق بىر پاي ھالقا تۇراتتى. بۇ ھالقا قىشتىكى چوغدەك، باھاردىكى غۇنچىدەك، يازدىكى تەنھا يۇلتۇزدەك، كۈزدىكى مەي باغلاپ پىشقان مېۋىنىڭ ئورۇقىدەك ماڭا بۆلەكچىلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى.» («ئوت كەتكەن ئۇپۇق»، 59-بەت) يازغۇچى بەدىئىي تىلنىڭ گۈزەللىكىدىن، ئىپادىلەش ئۈنۈمىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، بىرى، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرسە، يەنە بىرى، باش تېما ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرغان. پىروزا ئەسەرلىرىدە «بىزنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىمىز مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ، ئىدىيەۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكى بولۇپ، ئۇلارنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار ئانارنىڭ دانىسىدەك جىپسىلىشىپ، ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپ-كىرىشىپ كەتكەندىلا، ئاندىن كۆڭۈل تارىنى چەككىدەك ئېسىل ئەسەرلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» [4] «ئوت كەتكەن ئۇپۇق» مانا ئاشۇنداق كۆڭۈلنىڭ تارىنى چېكەلەيدىغان، كىشىلەرگە ئىبرەتلىك ساۋاق بېرەلەيدىغان، ئەخلاقىمىز، مەدەنىيىتىمىز، ئەنئەنىمىز ۋە ئېتىقادىمىز ھەققىدە بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرالايدىغان ئېسىل ئەسەر بولۇشقا تامامەن ئەرزىيدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

[1] زۇلپىقار بارات ئۆزباش: «ئۇستۇن ئوقۇرمەنلىك، روھ پەرۋىشى ۋە ئاقارتىش ھەرىكىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2015-يىللىق 3-سان 13-بەت.

[2] ئەنۋەر ھوشۇر: «پىروزىچىلىقىمىزدىكى تۆت غەلەت»، «تارىم» ژۇرنىلى 2015-يىللىق 6-سان 145-بەت.

[3] مەتتۇرسۇن ئېلى: «ئۇيغۇر يېڭى پىروزىچىلىقىدا بايان مەۋقەسى»، «تارىم» ژۇرنىلى 2011-يىللىق 12-سان 116-بەت.

[4] ئەنۋەر ھوشۇر: «پىروزىچىلىقىمىزدىكى تۆت غەلەت»، «تارىم» ژۇرنىلى 2015-يىللىق 6-سان 146-بەت.

---

ئاپتور:
قاراماي شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە.

## جەددىي بىلدۈرگۈ

تەھرىراتىمىز ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11-نومۇر ۋەنگو سارىيى 10-قەۋەتكە يۆتكەلدى. ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ مۇشۇ ئادرېس بويىچە ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسەر ئەۋەتكەندە ئادرېسنى خەنزۇچە مۇنداق يېزىڭ:

新疆乌鲁木齐市新华南路11号万国大厦10楼“新疆文化”杂志编辑部　邮编:830000

كامالىي ئېھتىرام بىلەن:

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە گېپىم بار



ئەيساجان زۇنۇن

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، بىر كۈنى قۇرداشلىرىم بىلەن قوشنامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كاڭ ئۈستىدىكى مۇقاۋا ۋاراقلىرى يىرتىلغان، چۆرىسى تىتىلغان بىر ژۇرنالنى قولۇمغا ئېلىپ ئىرەدىسىز لا ۋاراقلىدىم. ۋاراقلىدىمۇ، ھەر بىر بەتتىكى، ھەر بىر قۇردىكى مەزمۇنلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمىدىم. باشقىلارنىڭ پارىڭىغا ئارىلاشماستىن بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىپ ژۇرنالنىڭ يېرىمىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. بىر چاغدا بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام قالغانلار ئۆزىنىڭ پارىڭى بىلەن ماڭا قاراشقا ھەپىلىسى يوق. ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ئادىتىمگە خىلاپ ھالدا خەقنىڭ نەرسىسىنى قوينۇمغا تىقىپ «ئوغرىلاپ» ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ ئوقۇپ تۈگەتتىم. توۋا، ئۆزۈمنى كىتاب مەستانىسى، بۇ ئەتراپتا مېنىڭدەك كىتاب ئوقۇغان ئادەم يوق (گەرچە ئوقۇغان كىتابىم تايىنلىق بولسىمۇ) دەپ ماختىنىپ، ئۆز ئۆزۈمگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەن بىلەن رايونىمىزدا مۇشۇنداق بىر نەشر ئەپكارىنىڭ بارلىقىدىن، مۇنۇ ژۇرنالنىڭ ھەر ئىككى ئايدا بىر خەلقىمىزگە تەپەككۇر بېغىدىكى ئەڭ، ئەڭ شېرىن مېۋىلىرىدىن، بەزىدە ئاچچىق - چۈچۈك، ئەمما يۈرىكىمىزنى ياشارتىپ، مېڭىمىزنى قۇۋۋەتلەپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك، جانغا ھۇزۇر مېۋىلىرىدىن تېخىچە بىرەر تال يەپ باقمىغانلىقىمدىن ئەپسۇسلىنىپ ئۆزۈمنى تولىمۇ بىچارە ھېس قىلدىم. بۇ نەشر ئەپكارى ۋۇجۇدىمىزنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇھ دەپ پېشانىمىزنى بىر سىيلىۋەتكۈدەك قىسقا، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، جۈملىسى بىر كىتابقا توغرا كەلگۈدەك تەپەككۇر مېۋىلىرى، مەدەنىيىتىمىز ۋە مەدەنىيەت ئىزلىرىمىز توغرۇلۇق بىزنى ئېنىق ھەم مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشنى ئېنىق ھەم مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش، مەدەنىيىتىمىز، خاسلىقىمىزنى قانداق ئاسراش، پەرۋىشلەش ۋە قانداق تەرەققىي تاپقۇزۇش، روھىمىز، روھىيىتىمىز ھەققىدە ئىلگىرى پىچاق تەگكۈزۈشكە پېتىنالماي يىرىڭداپ، شالۋەرەشكە باشلىغان ئەڭ، ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك ھالقىلار... يەنە، يەنە... نۇرغۇن تېمىلاردا ماقالە - ئەسەرلەر بېرىپ بىزگە ئۆزدىمىزنى تونۇش پۇرستى يارىتىپ بېرىۋېتىپتۇ، ئەمەسمۇ. ھەممىدىنمۇ مۇھىمى، بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز، تەرەققىيات يۆنىلىشىمىز، كىملىكىمىز، بولمىغۇر ئىش - ھەرىكەتلىرىمىز، خاسلىقنى يوقىتىشقا باشلىغان ئەبجەش مەدەنىيەتلىرىمىز... ئۈچۈن قىزىل - يېشىل چىراغ، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولۇپ كېلىۋېتىپكەن ئەمەسمۇ؟! ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر، پىسخولوگلار، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كەسىپ ئىگىلىرى مەدەنىيىتىمىز، تارىخىمىز، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز ھەققىدە ئىزدىنىپ يازغان، يەنە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى تىرىشچان، ھارماس تۇلپار قەلەمكەشلەرنىڭ قەلىمىدىن پۈتۈپ چىققان مەدەنىيىتىمىز، تارىخىمىز ھەققىدە ساۋاتى بار ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەلىك بىرى ئوقۇسىمۇ چۈشەنگۈدەك، ھەتتا بەزىلىرى خەلق ئارىسىدىكى ئىپتىدائىي، زاغرا تىل، بايانلارنى ئىشلىتىپ يازغان ماقالە، مۇھاكىمىلەر بۇ ژۇرنالنىڭ ھەر ساندا بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟! بۇ ژۇرنال بىز دېھقانلارنىڭ غېمىنى قىلىپ يىغىسىغا يىغلاپ، دېھقاننىڭ شادلىقىغا تەڭ شادلىنىپ، دېھقان ئۈچۈن، دېھقانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن سۆزلىگۈچىلەرگە بىر مۇنبەر ھازىرلاپ بېرىپتىكەن ئەمەسمۇ؟! نوقۇل ھالدا دېھقاننى مەدھىيەلەش، ماختاشتىن ئۆتۈپ دېھقان روھىدىكى ئاجىزلىق، كەمچىلىكلەر، بوشاڭلىق، ھۇرۇنلۇقنى قورقماستىن ئوپېراتسىيە قىلىپ يازغان ھېكايىلەرچۇ تېخى! بۇ ژۇرنالدا ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆرگەندەكلا گەپلەر بولىدىكەنە!

شۇنىڭدىن كېيىن پات - پاتلا ھېلىقى قوشنىلارنىڭ ئۆيىنى يوقلايدىغان بولۇۋالدىم... بىرى بىر نېمىگە خۇمار بولۇپ قالسا قول - پۇتى چاپماس، كاللىسى ئىشلىمەس بولۇپ قالغاندەك مەنمۇ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. ئۇ ژۇرنالنىڭ دېرىكىنى كۆپ قىلدىم، شەھەرگە چىقىپ كىتابخانىلارنى قېزىۋەتتىم. كىتابخانا خىزمەتچىلىرىدىن سۈرۈشتۈرسەم، «تۈگەپ كەتتى» دېگەن قىسقا، قوپاللراق جاۋاب بىلەن ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويدى. مەكتەپتە ئىشلەيدىغان بىر تونۇشۇمدىن سوراپ ئۇلارنىڭمۇ بۇ ژۇرنالغا ئۆزلىرى مۇشتەرى بولىدىغانلىقىنى، مېنىڭمۇ مۇشتەرى بولۇشۇمنى ئېيتتى. بۇنى مەنمۇ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئۇ ژۇرنالنىڭ مېنىڭ ئۆيۈمنى تېپىپ كېلىشىگە ئىشەنچ قىلالمايتتىم. نېمىشقا دېسىڭىز پوچتىكەش پۈتۈن كەنتنىڭ خەت - چەك،

گېزىت - ژۇرناللىرىنى كەنت ئىشخانىسىغا تاشلاپ قويۇپ ماڭىدىغان بولغاچقا، گېزىتلەردىن تەلەيلىكلىرى ساق قالغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا كەنت ئىشخانىسىدىن چىقمايلا «شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولۇپ» كېتەتتى. ساق قېلىپ چىققانلىرىمۇ قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، بىزنىڭ قولىمىزغا تەگكۈچە ھېلىقى قوشنامنىڭ ژۇرنىلىدەك يالىڭاچلىنىپ قالاتتى. شۇڭا، كەنتتە كەنت كادىرلىرى، مەكتەپتە ئەپەندىملەردىن باشقىلىرىنىڭ، مەن پالانى گېزىتكە ياكى ژۇرنالغا يېزىلدىم دېگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم (ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ كەنتتە گېزىت - ژۇرنالغا تۇتقان پوزىتسىيە بەكلا ناچار)

باشتىكى گەپكە قايتساق، ژۇرنالنىڭ تولا دېرىكىنى قىلىپ خەۋىرىنى ئالالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەھەللىدىكى كىتاب ئوقۇشقا ھېرىس بىرى شەھەردە بىرىنىڭ ھارۋىدا سۆرەپ يۈرۈپ كونا كىتاب - ژۇرنال ساتىدىغانلىقى، شۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بېقىشىمنى ئېيتتى. ئادەم دېگەن ئازراق ئۈمىدتىنمۇ غەيرەتلىنىپ روھلىنىپ قالىدىكەن. بىر يەكشەنبە كۈنى زور ئۈمىدلەر بىلەن شەھەرگە ماڭدىم. يايمىكەشنى تېپىپ ھارۋىسىنى ئاقتۇردۇم، نېمىلا بولمىسۇن سودىگەردە، مالنىڭ ياخشىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇپ خېرىدار توپلاشنى، خېرىدارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىشنى ئوبدانلا بىلىدىكەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن ئىككىنى ھارۋىسىنىڭ ئالدىغا قاتۇرۇپ قويۇپتۇ. كىتاب كۆرۈۋاتقان بىر نەچچىسىدىن قىزغىنىپ ئۇ ژۇرناللارنى يوككىدە ئېلىۋالدىم - دە، يايمىكەشنىڭ قولىغا پىچىرلىدىم:

— بۇ ژۇرنالدىن يەنە بارمۇ، بولسا ھەممىسىگە مەن خېرىدار!

— يەنە بىر نەچچىسىغۇ بارتى، بىراق بىرى ئېلىپ قوي، دەپ يامان قاتتىق جىكىلەپ كەتكەن! — ئۇ ھارۋىسىنىڭ ئاستىغا ئېڭىشىپ بىر ھازا مالتىلاپ يەنە بىر نەچچە ژۇرنال ئالدى، ئاجايىپ ئېسىل ژۇرنالدە بۇ، كىتابخانىدىمۇ يوق ئەمەسمۇ، خېرىدارى جىق بۇ ژۇرنالنىڭ!... مەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدىم. گويا ھېلىلا جىكىلەپ قويغان خېرىدار كېلىپ ھەممە ژۇرناللارنى ئېلىۋالىدىغاندەك يايمىكەشنىڭ دېگىنىنى بېرىپ غىپىلا قىلىپ تىكىۋەتتىم.

ئۇ ژۇرناللار ياستۇقۇمنىڭ يېنىدىلا. ئاخشىمى ياتقۇچە، سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشقا ماڭغۇچە كۆرىمەن، كۆڭلۈم پەرىشان بولغاندا غەم - غۇسسىلىرىمنىمۇ مۇشۇ ژۇرنال بىلەن يۇيىمەن، ئېتىزدىن ھېرىپ كىرگەن چاغدىمۇ يەنە مۇشۇ ژۇرنال مېنىڭ ھاردۇقۇمنى چىقىرىدۇ. مېنى ئىزدەپ كىرگەن ئەل - ئاغىنىلىرىمگە ئوقۇپ بېرىمەن. ئۇلارنىڭ بۇ ژۇرنالغا قىزىقىشى، ھەيرانلىقى مېنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشتى. ھەتتا ژۇرنالنى مېنىڭدىن سوراپ ئېلىپ چىقىپ (مېنى دوراپ) بېقىۋالغانلىرىمۇ بار. بىر - ئىككى قېتىم بۇرنۇمغا سۇ كىرىپ مەنمۇ ئۇلارغا ژۇرنالنى بەرمەس بولۇۋالدىم.

باشقىلىرىنى دېمەيلا قوياي، ژۇرنالدا ئۇدا ماقالە ۋە ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ، دېھقان ياشلىرىنىڭ تەپەككۇر ئۆتكۈرلۈكىگە ھەيران قالىمەن. گاھىدا ئۇلارغا ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنىڭ جىقلا كەينىدە قالغانلىقىمنى ئەپسۇس، پۇشايمان ئىچىدە ھېس قىلىمەن. مەن بىلەن پىكىرداش، مۇڭداش نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاشۇ دىلكەش، ھەمپىكىر دوستلىرىم بىلەن خىيالىي مۇڭدىشىمەن، پىكىرلىشىمەن، تالاش - تارتىش قىلىمەن. ئۇلارنىڭ قەلىمىدىن مەلۇم بولغان ئاشۇ تەرەپتىكى دېھقانلار تۇرمۇشى بىلەن بىزنىڭ بۇ يەرنى سېلىشتۇرىمەن، دەڭسەپ كۆرىمەن. ئۇلارنىڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، نامراتلىق تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈچەشلىرىگە، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا بارىكاللا ئېيتىپ، ئاشۇ دوستلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، قەلىمىگە قۇۋۋەت ھەم بەرىكەت تىلەپ ئولتۇرىمەن. ھەر بىر سان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى روياپقا چىقىرىش، بىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇش مەقسىتىدە تىنىمسىز قان - تەر تۆكۈۋاتقان مۇھەررىرلەرنىڭ جاپالىق ئەجرىگە غايىبانە رەھمەت ئېيتىمەن. مەنمۇ ھەم بىزنىڭ، ئەتراپىمىزدىكى دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق ئاز - تولا بىر نەرسە يېزىپ بۇ مەتبۇئاتقا ئەۋەتىپ بېقىش نىيىتىدە نەچچە، نەچچە رەت تەمشىلىپ يالتىيىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. سەۋەب، بىرى ئۆزۈمنىڭ جەمئىيەت توغرىسىدىكى تونۇشۇمنىڭ يۈزە، بىلىمىمنىڭ يېتەرسىز، قەلەم كۈچۈمنىڭ ئاجىز بولۇشى سەۋەبلىك دېھقانلار تۇرمۇشىنى قەلەمگە ئېلىپ بولالماسلىقىم، يەنە بىرى، ژۇرناللارنىڭ سەرخىلى، سەركىسى بولغان ئۇشبۇ ژۇرنالغا مېنىڭدەك چەت، يىراق سەھرادىكى قەلەم كۈچى بەكلا ئاجىز، ئۆمرىدە ماقالە يېزىپ باقمىغان بىر دېھقاننىڭ يازغان نەرسىلىرىنىڭ يارىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەش، خەۋپسىرەش تۇيغۇسى. بۇ ئىككى تۇيغۇ مېنى ئىككى تەرەپتىن قىستاپ رايىمدىن ياندۇرۇپ تۇرسىمۇ ئىچىمدە مۇشۇ ژۇرنالغا بىر نەرسە يېزىشتىن ئىبارەت بىر ئوت ئۇزاقتىن بېرى يالقۇنجاپ كۆيۈپ، ماڭا ھېچبىر ئاراملىق بەرمەس بولۇۋالغانىدى. شۇ مەقسەتتە ئۆز - ئۆزۈمگە مەدەت بېرىپ قولۇمغا قەلەم ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم.

تاقا - تۇقا گېپىم ئۇزىراپ كېتىپ ئۇشبۇ كاتتا ژۇرنالنىڭ يۈزىنى ئارتۇقچە بوياپ قويۇشتىن قاتتىق ئەندىشە قىلىپ تۇرسامۇ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. بۇ يازمام ئارقىلىق تەھرىرلەرگە تەشەككۈرۈمنى ئىپادىلىۋالسام، ئوقۇرمەنلەرنى ئۇشبۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشقا دالالەت قىلىۋالسام ئەجەپ ئەمەس.

خەير، ھەممەيلەننىڭ تېنىگە ساقلىق، كۆڭلىگە خاتىرجەملىك نېسىپ بولغاي!

---

ئاپتور: تۇرپان شەھىرى، چاتقال يېزا گۈڭشاڭ مەھەللە كومىتېتى 3 - كەنتتىن.

قاسىم ئىسلام (تەنتەك)

# «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە تەشەككۈر



ئەگەر مۇقەددەس كىتابلارنى ئىنسانلارنىڭ «نۇرلۇق مەشئىلى» دەپ ئىپتىخارلانساق، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ «سۆيۈملۈك ژۇرنىلى» دەپ مەمنۇن بولۇشقا ھەقلىقمىز!

— خاتىرەمدىن

راستىنى ئېيتقاندا، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نى تەرىپلەشكە مېنىڭ تىلىم ھەم قەلىمىم بەكلا ئاجىزلىق قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»گە بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىم ۋە چىن ئىخلاسىم، مېنى ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈش ھەم تەشەككۈر ئېيتىشقا ئۈندەپ كەلمەكتە.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئۆز ۋاقتى - قەرەلىدە، مول مەزمۇن ۋە رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن ھەسەل ھەرىسىدەك تىنىم تاپماي ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان تەھرىر ۋە باشقا بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە، ئوقۇرمەنلەرگە ۋاكالىتەن ئالىي ئېھتىرام ۋە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردۈمەن!

سىلەرنىڭ ئىزچىل ئاۋام تەرەپدارى بولۇپ، تۇرمۇش چىنلىقىغا ئىگە ئەسەرلەر ئارقىلىق، ھەرقايسى قاتلامدىكى ئوقۇرمەنلەر قانائەتلىنىپ، زوقلىنىپ ئوقۇغۇدەك روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىن ئەتكىنىڭلار قايىللىقىمنى ۋە چوڭقۇر ھۆرمىتىمنى قوزغاتقاندى.

مەيلى ئوقۇش ھاياتىمدا بولسۇن ياكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش مۇساپەمدە بولسۇن، بۇ جەرياندا مەن ھەر تۈرلۈك نەشرىي ئەپكارلارنى كۆرۈۋاتقان بولسامۇ، بىراق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نى ئوقۇغاندەك ئۇدا ئون يىل ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىپ باققان ئەمەسمەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2002 - يىللىق 1 - سان جېلىل ئاۋۇت ئىمزالىقىدىكى «ئاك»، ئابدۇرېھىم دۆلەت ئىمزالىقىدىكى «يۇلتۇزلىرىمىز قەيەردە؟» ۋە «ئىلىم، تۈزۈلمە، ئۈنۈم» بىلەن 2002 - يىللىق 4 - سان ئادىل ئابدۇقادىر ئىمزالىق-

www.uyghurkitap.com



دىكى «ئەخلاقنىڭ تەقدىرى»، ئابدۇرېھىم دۆلەت ئىمزا-
لىقىدىكى «ئىلىمگە خىيانەت ــ ئەلگە قىيامەت» دېگەن
ئەسەرلەردىن، تا بۈگۈندىكى زۇلپىقار بارات ئۆزباش ئىم-
زالىقىدىكى «ئۈچ ئىلىمنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە چەكلىمىلى-
كى»، يالقۇن روزى ئىمزالىقىدىكى «ئاكا - ئۇكا مۇسابا-
يېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى»، ئابدۇقادىر جالالىد-
دىن تەرجىمىسىدىن «يۇقىراۋى تۇرمۇشنى ياخشىلاشتا يۇق-
راۋى ھوقۇقنىڭ قوغدىلىشى ئالدىنقى شەرت» ۋە راخماد-
جان رۇسۇل سۇلتانىي تەرجىمىسىدىن «ئىسلاھاتنىڭ مۇد-
دىئاسى ــ ئىجتىمائىي ئادىللىق»، «ئامېرىكىلىقلارنىڭ
مەنسەپدارلىق يوسۇنى» دېگەن ئەسەرلەرگىچە بارلىق
مەزمۇنلارنى كۆرۈپ چىقتىم. نۇرغۇن ئىجابىي ھاسىلات-
لارغا ئېرىشىش بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىمى ئۇ ماڭا يىراق
ئۆتمۈشنى، بۈگۈننى ۋە يېقىن - يىراق كەلگۈسىنى بىلىش
ۋە تونۇشقا، توغرا مەۋقە، ئېنىق تەپەككۇر مەيدانى تۇر-
غۇزۇشۇمغا يار - يۆلەك بولدى. ئۇ ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت
ئىچىدە مېنى بىرەر رەت ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ باققان
ئەمەس. گەرچە مۇھەررىرلەردە، ھەتتا تاشقى مۇھىتتا
ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نىڭ
خاسلىقىدا ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. ھەممىمىزگە مەلۇم،
دۇنيادىكى قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى «سىجىللىق». ئۇ
ئىزچىل تۈردە خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئو-
قۇشچانلىق ۋەدىسىنى ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق
ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ مېنىڭ دۇن-
ياغا، مىللەتكە، كىشىلىك قىممەتكە بولغان قارىشىمنى مۇ-
كەممەللەپ ھەرقانداق مەسىلىگە ئومۇمىيلىققا نەزەر
تۇتقان ئاساستا باھا بېرىشنى، بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگەت-
تى. ئالايلۇق: بۇرۇن مېنىڭ ھاياتىمدا بىرلا ئانام بارلىقىغا
چىن پۈتكەن بولسام، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» مېنى تەم-
كىنلىك بىلەن يېتەكلەپ مەيلى ئايالىمنىڭ، ئۇرۇق - تۇغ-
قانلىرىمنىڭ، دوستلىرىمنىڭ ئانىلىرى بولسۇن، ھەممىسىلا
ئانام بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى
تونۇتتى. پەقەت ئىلىم بىلەن قوراللانغاندا ئاندىن يېڭىل-
مەس بولىدىغانلىقىنى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ــ
شۇ مىللەتتىكى زىيالىي سېپىنىڭ ئىلىم ساپاسى، مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسى بىلەن زەردارلارنىڭ مىللەت ئېڭىنىڭ كۈچلۈك،
ئاجىزلىقى ۋە ئۇلارنىڭ چىن ئىتتىپاقلىقى تەرىپىدىن بەلگى-
لىنىدىغانلىقىنى تونۇتتى. شۇڭا، مېنى روھىي يۈكسەكلىككە
باشلاپ كېلىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نىڭ سادىق ئو-
قۇرمىنى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. يەنە بىر جەھەتتىن
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نىڭ تۆھپىسىنى قەلىمىم ئارقىلىق
كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تەرىپلەپ ئۆتۈشنى خوپ كۆردۈم.
ئەلۋەتتە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەن-
لەشتۈرۈشكە مەن خېلى ئاجىزلىق قىلىمەن، شۇنداقتىمۇ
چەكسىز مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن، چەكلىك دائىرە ئىچىدە
ئۇنىڭ بىزگە يەتكۈزگەن ئىجابىي ئۇچۇرلىرىنى بايان ئەي-
لىسەم، شۇ ئارقىلىق «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نىڭ تۆھپىسى نا-
مايەن بولسا دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئەلۋەتتە «شىنجاڭ مەدەنى-
يىتى»نىڭ تۆھپىسى مېنىڭ ئازغىنە بايانىم بىلەن روياپقا چىقىپ
قالمايدۇ، قالغانلىرىنى باشقا سادىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەرىپ-
لەپ ئۆتۈشىگە قويدۇم، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق نې-
سۋىسى باردە!

بىرىنچى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ئىنساندىكى
ئېسىل پەزىلەتنىڭ مۇجەسسەمى بولغان «ئەخلاق»تىن ئى-
بارەت ئەڭ ئالىي خىسلەتنىڭ، تۈرلۈك خىرىسلارنىڭ تەھ-
دىتىدە تېخىمۇ جۇلالىنىدىغانلىقىنى، يالغانچى، سۇيىقەست-
چى، سۇخەنچى، نەپسانىيەتچى، خۇشامەتچى، شەخسىيەت-
چى، ئاچ كۆز، قارانىيەت، شەھۋەتپەرەس، ئاسىي - مۇنا-
پىقلار ۋە ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ۋاقىتىنچە ھاياتى گۈللەپ
تۇرسىمۇ، ھايال ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكتىن چەتنە-
گەن قىلمىشى ئۈچۈن ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەيدىغانلىقى؛
ئەكسىچە ئادىمىيلىكنى ياقلاپ باھادىر بولغاندا كىشىلىك
قەدىر - قىممىتىنى ساقلاپ، ئاۋامنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر
بولۇپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاققىچە ياد ئېتىلىدىغانلىقىنى كۆرسە-
تىش ئارقىلىق، ھەممە ئادەمنىڭ بەسى مۇشكۈل ئەھۋالغا
قالغاندىمۇ ئەخلاقلىق بولۇشقا دەۋەت قىلىنغان.

ئىككىنچى ئەدىب، يازغۇچى، شائىر، تىلماچ ۋە ئوبى-
زورچىلارنىڭ ئەدەبىي مېۋىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»
تەھرىراتىنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىك بېزەكچىلىك سەنئىتىدە
مەزمۇنى موللىشىپ، رەڭدارلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ مېنى
ۋە ماڭا ئوخشاش سادىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ چاڭقاق دىللى-
رىنى سۇغىرىپ، پۇچەك روھىي دۇنياسىنى پۈتۈنلەپ،
نۇرلاندۇرۇپ، گۈزەل، پارلاق مەنزىلنى كۆز ئالدىمىزدا
نامايەن قىلىپ بەردى.

ئۈچىنچى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ھەر بىر ساندا
ئۇلۇغ ئالىم، ئەدىب، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكار ۋە سا-
خاۋەتچى زەردارلىرىمىزنىڭ نۇرلۇق سىماسى سىزما
رەسىم ياكى فوتو سۈرەت ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر بىلەن

يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى ئەستىن چىقىرىپ باققىنى يوق. بىزگە
شۇ ئارقىلىق مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بو-
ۋىمىزنىڭ سىماسىنى قەلبىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدۇ-
رۇپ، جېنىمىزدىن بەكرەك قەدىرلىشىمىزگە شارائىت يا-
راتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېقىنقى زا-
ماندىكى جەدىدچىلىرىدىن ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخا-
لىق ئۇيغۇردەك كىشىلەرنىڭ، خەلقىمىزنىڭ ئۆز تەقدىرى-
نى ئۆزى بەلگىلەشكە قادىر قىلىش ئۈچۈن، جان تەسەد-
دۇق قىلغان شەرەپلىك كۈرەشلىرىنى بايان قىلىپ،
مەغلۇپ بولۇشتىكى سەۋەبىمىزنى نېگىزدىن ئېچىپ بىزنى
قايغۇ ۋە ھاياجانغا سالسا، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان يېڭى مائا-
رىپىنىڭ باشلامچىلىرىدىن: مەرھۇم ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېف-
لار ۋە شۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ مىللىتىمىز مائارىپىنىڭ دا-
ۋاملىششى ئۈچۈن تاپقان ـ تەرگىنىنى ئاتىغان، ھايات سا-
خاۋەتچىلىرىمىزدىن: نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر ئوغلى،
غېنى ھاجى ئىمىن ئوغلى، «ئىناق ئۆي ـ زېمىن شىركى-
تى»نىڭ دىرېكتورى سادىقجان بىلەن ساقى ھاجى ئاكا ـ
ئۇكىلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بىزنى ئىچ ـ ئىچىمىز-
دىن سۆيۈندۈرۈپ ئۈمىد بېغىشلايدۇ ھەم مەرھۇم خېۋىر
تۆمۈر، شەرىپىدىن ئۆمەر، ل. مۇتەللىپ، مامۇت سابىت،
ئا. خوجا، ئا. ئۆتكۈر، غۇلام غۇپۇرى ۋە ھايات تۆھپى-
كارلىرىمىزدىن: مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم، شېرىپ
خۇشتار، ھاجى ئەھمەد كۆلتېكىن، قۇربان ئۆمەر، ئابلەت
ئابدۇللا، غىياسىدىن بارات، ئابدۇرېھىم ھېيت، ئەخمەت-
جان ئىسمائىل، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، راخمان
مامۇت، ۋاھىتجان ئوسمان، ئابدۇقەييۇم ئىمىن، قۇرباد-
جان روزى شەيدائى، مۇھەممەد پولات، ئابدۇقادىر جالا-
لىددىن، يالقۇن روزى، زۇلپىقار بارات ئۆزباش قاتارلىق
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدىب، يازغۇچى، شائىر، سەنئەت-
كار ۋە ھەر كەسىپ، ھەر ساھەلەردە تىرىشىپ ئىشلەپ
تۆھپە يارىتىۋاتقان، مۇنەۋۋەر شەخسلىرىمىزنى سىنغا
ئېلىپ، ئۇلارنى ئۈرنەك قىلىپ ياشاشقا جانلىق ئۈلگە
كۆرسىتىپ بەردى.

تۆتىنچى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ئاپتورلارنىڭ
نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزگە تاشقى دۇنيانىڭ قايسى
خىل ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى نا-
مايەندە قىلىپ بېرىش بىلەن بىللە، مۇھىمى بىز بىلەن
ئۇلار ئارىسىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى جانلىق
پاكىتلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىك-
نى تونۇتۇشقا، قانداق قەدەملەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىپ بەردى.

بەشىنچى، باشقا ئەللەردىكى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ
يېزىقچىلىق سەنئىتى ۋە ئۇلار ئىگە بولغان ئىمتىيازى
بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ، بىزنىڭ ئىجادى-
يەتتىكى قاتماللىق ۋە شەكىلۋازلىق ھالىتىمىزنى دادىللىق
بىلەن پاش قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بىزدىكى ئىللەت ۋە قىم-
مەتنى سوغۇققانلىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا قويۇش
بىلەن بىللە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ
ئەركىن، بۈيۈك مەنزىلگە يېتەكلىدى.

قىسقىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» بىزنىڭ ھەر خىل
خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە، ئۆزىمىز-
نىڭ خاسلىقىغا تەۋە تارىخ، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە
ئېتىقادىمىزنى ساقلاپ قېلىشتىكى تۈنجى قەدەم.— روھىي
تاكامۇللۇقنى ساقلاپ قېلىشىمىزدىكى كاپالەت. ھەر بىرى-
مىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نى ھەمراھ قىلساق، ئۇنىڭدى-
كى جەۋھەرنى قېزىپ چىقساق ۋە قەدىرلىسەك ۋە ئۆگەن-
گىنىمىزگە ئەمەل قىلساق ئىشلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالىدىن
ئۈمىد بار دەيمەن.

---

ئاپتور ئادرېسى ئېنىق ئەمەس، تەھرىر بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشى-
شىنى سورايمىز.

**بۇ ساننىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كورېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).**




## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ دوست ـ سېنىڭ كەمچىلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە سېنى ياخشى كۆرەلەيدىغان كىشىدۇر.

▲ بىز باشقىلارنىڭ ئايىغىدىكى پۇتلىكاشاڭ تاشنى يۆتكەۋاتقان چېغىمىزدا، ئۆزىمىزگىمۇ يول ئېچىۋاتقان بولىمىز.

▲ مېنىڭ باشقىلاردىن كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىشىمدىكى سەۋەب ـــ باشقىلاردىن كۆپرەك ئۆگەنگەنلىكىمدىندۇر.

▲ ھەممىلا «كەچۈرۈڭ» سۆزىنىڭ «ھېچقىسى يوق» دېگەن جاۋابقا ئېرىشىشى ناتايىن.

▲ تۇرمۇشتا ئىككى خىل تىراگېدىيە مەۋجۇت: بىرى ئۆزى ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئېرىشەلمەسلىك، يەنە بىرى ئېھتىياجى يوق نەرسىلەرگە ئېرىشىش.

▲ بەزى ئىشلارنىڭ خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرىمىز، چۈنكى قىيالمايمىز. بەزىلەر ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ ۋاز كېچىدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقمايدۇ. بەزى ۋاقىتتا يول يوقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ داۋاملىق ئىلگىرىلەيمىز، چۈنكى، بىز ئادەتلىنىپ قالغان.

▲ گەپ قۇلاققا قانچە يېقىشلىق بولغانسىرى، سىز شۇنچە ھوشيارلىق بىلەن ئاڭلاڭ، گەپ قانچە ياقمىغانسېرى سىز شۇنچە ئەستايىدىل ئاڭلاڭ.

▲ ئەكس سادا ھېچنېمە ئىجاد قىلالمايدۇ، ئەمما دوراشقا ماھىرلىقى بىلەن ئىگىسىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر.

▲ كۈچلۈكلەر ئالدىدا كۈچۈكلىنىدىغان پەس ئادەملەر ئاجىزلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھەمىشە غادىيىۋالىدۇ، سەۋەب شۇكى، ئۇلار روھىي تەكەببۇرلۇقىنى ساقلاشقا موھتاج.

▲ باشقىلارنىڭ رولىنى ئوينىغاندا، ھەرقانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقسىمۇ بەرىبىر يالغان، ئۆزىنىڭ رولىنى ئالغاندا ھەرقانچە مەغلۇب بولسىمۇ، بۇ راست.

▲ ئورۇن بولمىسا، كۆپچىلىك بەخىرامان ھالدا ئۆرە تۇرۇشۇۋېرىدۇ، ئورۇن بولۇپ يېتىشمىسە كۆپچىلىك چەكلىك ئورۇننى تالىشىش ئۈچۈن قىستا ـ قىستاڭ بولىشىدۇ، ئورۇن يېتىپ ـ ئېشىپ قالسا يەنىلا قىستاڭچىلىق بولىدۇ، چۈنكى، بەزىلەرنىڭ يېتىۋالغۇسى كېلىدۇ.

▲ سەھنىدە ئوينالغان تىراگېدىيە بىر دەملىك كۆز يېشىغا ئېرىشسە، رېئاللىقتىكى تىراگېدىيەگە ئەكسىچە ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىنىدۇ.

▲ رېئاللىقنىڭ قانۇنىيىتى: پۈتۈن دۇنيا پاسكىنا، بىر سەن پاكىزە بولساڭ، ئۇنداقتا سەن دۇنيادىكى ئەڭ پاسكىنا ئادەم. پۈتۈن دۇنيا ساراڭ، بىر سەن ئوڭ بولساڭ، ئۇنداقتا سەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئەڭ ساراڭ ئادەم.

**ـــ شەمسنۇر تۇرغۇن زىلتار تەرجىمىسى**

تىلماچ: يەكەن ناھىيەلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن

**تەپەككۇر دۇنياسى**

# «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» لەنجۇدا ئېچىلدى

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقات جەمئىيەتى بىلەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «يىپەك يولى تارىخى ـ مەدەنىيتى» ئاساسىي تېمىسىدىكى 7 ـ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 17 ـ ئۆكتەبىر گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ شەھىرىدىكى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا بېيجىڭ، شىنجاڭ، گەنسۇ، خۇنەن قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم، تەتقىقاتچىلاردىن بولۇپ 100دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن بۇيانقى 7 ـ قېتىملىق ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى. جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقات جەمئىيتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان تەسىس قىلىنغان، پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقاتى جەھەتتىكى بىردىنبىر ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتى بولۇپ، ئىلمىي تەتقىقات دائىرىسى كەڭ، روشەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەردىن ئەزا قوبۇل قىلىدۇ، ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى بويىچە مەملىكەتلىك، ھەتتا خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان ئالاقىدار كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقاتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقاتىغا ئىلمىي ئالماشتۇرۇش سەھنىسى ھازىرلاپ بەردى، ھازىرغىچە يەتتە قىسىملىق «ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى 100 نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بولغان بارلىق خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچلۈك قوللىدى. ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق،بۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي تەسىر كۈچى ئۈزلۈكسىز زورىيىپلا قالماستىن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 2015 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىر لەنجۇدا شەھرىدىكى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاساسىي ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ 2 ـ قەۋەت يىغىن زالىدا باشلاندى. يىغىنغا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى ماينۇر جامال رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا ئالدى بىلەن جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تەۋەككۇل تىلىۋالدى ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى،ئارقىدىن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈسۈپجان ئەپەندى يىغىن قاتناشچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرۇپ بارات سۆز قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بۈگۈنگە كەلگۈچە بولغان خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيتى ئىنستىتوتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇۋەلى كېرىم سۆز قىلىپ، مەكتەپتىكى مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيتى ئىنستىتوتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ ۋە ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان «دۇڭفاڭيى مەدەنىيەت تارقىتىش جەمئىيىتى»نىڭ ۋەكىلى تەبرىك سۆزى قىلدى. ئاندىن جەمئىيەتنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى، مىللەتلەر ئۈن ـ سىن نەشرىياتىنىڭ باشلىقى دولقۇن قادىر، ئۈرۈمچى «ئىرپان» ئېلېكترون پەن ـ تېخنىكا شىركىتى بىلەن ھەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كارلىشىپ نەشر قىلغان «بىر بەلباغ، بىر يول»نى قانداق چۈشىنىمىز» ناملىق كىتاب ۋە ئۇنىڭ ئۈن تەخسىسىنى تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن سۆز قىلدى، «ئىرپان» شىركىتىنىڭ دېرىكتورى ئابدۇللا ئۆمەر مەزكۇر كىتاب ۋە ئۇنىڭ ئۈن نۇسخىسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتى. ئاخىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، پروفېسسور ئازات سۇلتان مۇئەللىم جەمئىيەتنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى،بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەھمىيىتى ۋە يىغىندا تارقىتىلغان«بىر بەلباغ، بىر يول»نى قانداق چۈشىنىمىز» ناملىق كىتاب ھەققىدە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ئېچىلىش مۇراسىمى جەريانىدا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ مەدەنىيىتى ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى «ۋەتەنپەرۋەرلىك شېئىرىيەت سەپىرى ـ لەنجۇ» تېمىسى ئاستىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل.مۇتەللىپ، ئا.ئۆتكۈر، ت.ئېلىيوپ... قاتارلىق شائىرلارنىڭ تاللانما شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى ۋە «سالام خەلقىم»، «سېغىندىڭمۇ»... قاتارلىق ناخشا، خورلارنى ئورۇنلاپ يىغىن كەيپىياتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. 17 ـ ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن، يەنە شۇ يىغىن زالىدا، تىلەك ئىبراھىم، غەيرەتجان ئوسمان، ئابدۇشۈكۈر مۇللەك...قاتارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ماقالىلىرىنى ئوقۇدى.

17 ـ ئۆكتەبىر يىغىن ئەھلى، تىل ۋە تەرجىمە تەتقىقاتى،ئەدەبىيات تەتقىقاتى، تارىخ تەتقىقاتى، خەلق ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى تېمىلىرى بويىچە تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ماقالە ئوقۇپ، ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ باردى.شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يىغىن ئەھلى، لەنجۇ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېڭى مەكتەپ رايونىغا بېرىپ، مەكتەپ مۇزېيى، كۇتۇپخانا، ئوقۇغۇچىلار پائالىيەت مەركەزلىرى ۋە يېڭى مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدى. ئاخىرىدا يېڭى مەكتەپ يىغىن زالىدا، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ خۇلاسىسى قىلىنىپ، يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنى جەريانىدا ئوقۇپ، مۇھاكىمە قىلىنغان ماقالىلەر ئىچىدىن مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالانغان 28 پارچە ماقالىنىڭ ئاپتورى تەقدىرلىنىپ، تەقدىرنامە بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يىغىن ئەھلى، لەنجۇ شەھىرىدىكى «ئاسىيا ـ ياۋروپا مېھمانخانىسى»غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يىغىن جەريانىدا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيەت ئىنىستىتوتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئوسمان جۇمە باشچىلىقىدىكى دوكتور، ئاسپىرانلىقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە بۇ مەكتەپتە ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلار يارشىملىق ئۇيغۇرچە كىيىملەرنى كىيىپ، يىغىن ئەھلىگە قىزغىن مۇلازىمەت قىلدى، ئىلمىي مۇھاكىمىلەرگە قاتنىشىپ، قىزغىن پىكىر بايان قىلدى. يىغىن ئەھلى بۇ مەكتەپنىڭ مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئاشخانىسىدا غىزالىنىپ، ئارسالدى ۋاقىتلاردا، مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ، خىزمەت قىلغان مەشھۇر يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيى، ئىشخانىسى ۋە ئۇ ماڭغان، تۇرغان، كىتاب ئوقۇغان...جايلارنى زىيارەت قىلىپ، مەرھۇم يازغۇچىمىزنى سېغىنىش بىلەن ئەسكە ئالدى. ھەيۋەتلىك سېرىق دەريانىڭ مەنزىرىسىنى كۆردى. مەكتەپ، تاغ ۋە دەريا بويلىرىدا خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشۈپ، مول مەزمۇنلۇق سۆھبەتلەرنى قىلىشىپ قىممەتلىك ئەسلىملەرگە ئىگە بولدى.

**ئادىلجان مەتىمىن، سابىرجان سېيىت** قاتارلىقلار
خەۋىرى، فوتوسى

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.**
**كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر**
**ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991**

# 7 ـ قېتىملىق جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

(تەپسىلاتى 80 ـ بەتتە)



ئوقۇغۇچىلار شېئىر دېكلاماتسىيە قىلماقتا



يىغىن سەھنىسىدىن



ئېكسكۇرسىيە دەقىقىلىرى



يىغىن قاتناشچىلىرى



مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قىسمەن تەتقىقاتچىلار



يىغىن ئارىلىقىدا



تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغاندا

سۈرەتلەرنى غالىب بارات ئەرك تەمىنلىگەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：新疆乌鲁木齐市新华南路11号万国大厦10楼
邮 编：830000 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22 定价：8.50元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2015 ـ يىلى 6 ـ سان (ئومۇمىي 336 ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 8.50 يۈەن